دۇنياۋى مەشھۇر چۆچەكلەر خەزىنىسى

# بۆرە بىلەن يەتتە ئوغلاق



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ



ISBN 978-7-105-06937-8

9 787105 069378 >

تەرجىمە قىلغۇچى : قادىر ئارسلان

# بۆرە بىلەن يەتتە ئوغلاق

دوستۇم            گە:

بىز ئىككىمىز چىمەن دوست،
سەن ئالتۇن، مەن كۈمۈش.
دوستلۇق - بەخت دەرىخى،
سەن يوپۇرماق، مەن بىر قۇش.

كىتاب كۆڭۈل خۇشلۇقى،
كىتاب ئەقىل بۇلىقى.
بۇ كىتابتا ساقلانسۇن،
ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقى.

يىل        ئاينىڭ        كۈنى.

# مۇندەرىجە


بۆرە بىلەن يەتتە ئوغلاق ...... 1

شەھەر چاشقىنى بىلەن سەھرا چاشقىنى ...... 9

قىسقۇچپاقا بىلەن كۆك قوتان ...... 14

باشمالتاق بالىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ...... 16

ياۋا توشقان بىلەن كىرپە ...... 21

قىزچاق بىلەن ئۈچ ئېيىق ...... 25

ياۋا توشقان بىلەن پىلچاق ...... 32

باشمالتاق قىز ...... 34

بېلىقچى بىلەن ئالتۇن بېلىق ...... 41

ياغاچ قونچاقنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ...... 47

كىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاش كېرەك ...... 71

ئۈچ تىلەك ...... 77

برام مۇزىكا ئەترىتى ...... 81

ئەلى بىلەن پادىشاھ ...... 86

ئالتۇن غاز ...... 88

سودىگەر بىلەن مىخ ...... 94

ئەمىن ۋە پىشىق تۇخۇم ...... 96

ئەقىللىق ئاشپەز ...... 98



# بۆرە بىلەن يەتتە ئوغلاق

گېرمانىيە چۆچىكى (ئەسلى ئەسەر: گرىمنىڭ)

بۇرۇنقى زاماندا بىر قېرى ئۆچكە بولغانىكەن، ئۇنىڭ يەتتە ئوغلىقى
بار ئىكەن. ئۇلار ئورمانلىقتىكى بىر ئۆيدە ياشايدىكەن. ئۆچكە ئوغلاقلىرى-
غا شۇنداق ئامراق ئىكەنكى، ئۇلارنىڭ جېنىدىنمۇ ئارتۇق بىلىدىكەن. ئۇ
ھەر قېتىم ئوت - چۆپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئورمانلىققا ماڭغاندا:
— ئوماق باللىرىم، مەن ئورمانلىققا بارىمەن. سىلەر بۆرىدىن ئېھتىيات
قىلىڭلار. يېقىن ئەتراپتا بىر قېرى بۆرە بار. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى قاپقارا
تۈك قاپلىغان، يوغان پۇتلىرى شۇنداق قورقۇنچلۇق، ئاۋازىمۇ بەك قوپال
ھەم بوغۇق. ئۇ كېلىپ ئىشىكنى قېقىپ قالغۇدەك بولسا، ھەرگىز ئاچماڭ-
لار! — دەپ تاپىلايدى-
كەن.



ئوغلاقلارمۇ:
— خاتىرجەم بولۇڭ،
ئاپا، بىز چوقۇم ئېھتىيات
قىلىمىز، — دەيدىكەن.
ئۆچكە ئانا ئۆز ئەن-
دىشىسىنى قوشنىسىغا
دەۋاتقاندا، دېھقان ئايالچە
ياسىنىپ بىر چەتتە تۇر-
غان بۆرە ئاڭلىۋاپتۇ. بۆرە
ئىختىيارسىز ئۆز - ئۆزى-
گە سۆزلەپتۇ:



«بەك بەلەن بولدى! ئا-
خىر مەززىلىك تائامغا ئېرى-
شىدىغان بولدۇم!»

بۆرە ئۆچكە ئانىنىڭ ئورمانلىقتا كېتىشىنى ساق-
لاپ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى ئۆچكە ئانا باللىرىغا يەنە
شۇ گەپلەرنى قايتا - قايتا تا-
پىلاپ ئورمانلىقتا كېتىپتۇ.

«پۇرسەت كەلدى! — دەپ ئويلاپتۇ بۆرە خۇشاللى-
قىدا قىن - قىنىغا پاتماي،
— بۈگۈن قورساقنى تازا
توقلايدىغان بولدۇم!»

بۆرە ئۆچكىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ ۋە بوغۇق ئاۋازى بىلەن:

— ئوماق ئوغلاقلىرىم، چاققان ئىشىكنى ئېچىڭلار، ئاپاڭلار قايتىپ كەلدى. مەن ھەممىڭلارغا يۇمران چۆپلەرنى ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ.

بىر ئوغلاق بۇنى ئاڭلاپ ئىشىكنى ئاچماقچى بوپتۇ.

— توختا، بۇ بۆرىنىڭ ئاۋازى، ئاپام بۆرىنىڭ ئاۋازى ناھايىتى بوغۇق، دېگەنغۇ.

بىر قارا ئوغلاق ئىشىكنى ئاچماقچى بولغان ئوغلاقنى توسۇۋاپتۇ.

باشقا ئوغلاقلارمۇ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئېسىگە ئاپتۇ.



— توغرا، بايىقى ئاۋاز ھەقىقە-
تەن قوپال، بوغۇق ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئوغلاقلار ئى-
شىكنىڭ يېنىدا تۇرۇپ بۆرىگە دەپ-
تۇ:

— ئىشىكنى ئاچمايمىز، سەن
بىزنىڭ ئاپىمىز ئەمەس، ئاپىمىز-
نىڭ ئاۋازى زىل، يېقىملىق ئاڭلى-
نىدۇ، سىنىڭكىدەك بوغۇق، قوپال
ئەمەس. سەن بىزنى ھەرگىز ئالدى-
يالمايسەن. بىز سىنىڭ ھىلىقى
ئەسكى بۆرە ئىكەنلىكىڭنى بىلىۋال-
دۇق. دەرھال يوقال!



بۆرە ھىيلىسىنىڭ ئاقمىغان-
لىقىنى كۆرۈپ ئاچچىقىدا سەك-
رەپ كېتىپتۇ. ئۇ ئىشىكنى
گۇمبۇرلىتىپ ئۇرۇپتۇ، قوپال،
بوغۇق ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ -
جارقىراپ ئوغلاقلارغا قوقاق
ساپتۇ. لېكىن، ئوغلاقلار ئى-
شىكنى زادىلا ئاچماپتۇ.
بۆرە مىلىك زورلۇق قىلغىنى
بىلەن ئاقمايدىغانلىقىنى چۈشى-
نىپ يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
ئۆزىگە ھاي بېرىپ: «ياق، ياق،
بۇنداق قىلسام بولمايدىكەن. مەن
ئەقلىمنى ئىشلىتىشىم كېرەك»
دەپ ئويلاپتۇ ۋە بىرھازا ئويلىنىپ، بىر چارىنى ئويلاپ تېپىپتۇ. ئۇ: ئات-
لىق ھەم يۇمشاق تورت ئاۋازنى سىلىقلاشتۇرىدۇ دېگەن گەپنى ئاڭلىغان-
كەن.
بۆرە بولكىچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ھەسەل قوشۇپ پىشۇرۇلغان تورتتىن
بىرنى ئوغرىلاپتۇ.
راست دېگەندەك، تورتنى يېگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاۋازى بۇرۇنقىدەك
قوپال، بوغۇق چىقمايدىغان بوپتۇ. «قېنى، ئەمدىغۇ قولۇمغا چۈشىدىغانسى-
لەر!» دەپتۇ بۆرە مەيدىسىگە مۇشتلاپ قويۇپ، ئاندىن ئالدىراپ - تېنەپ
ئۆچكىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ.

— ئوماق ئوغلاقلىرىم، چاق-
قان ئىشىكنى ئېچىڭلار، ئاناڭ-
لار قايتىپ كەلدى! مەن ھەم-
مىڭلارغا يۇمران چۆپلەرنى ئې-
لىپ كەلدىم، — دەپتۇ بۆرە ئى-
شىكنى قېقىپ.
بۇ قېتىم بۆرىنىڭ ئاۋازى
راستىنلا ئۆچكە ئانىنىڭ ئاۋازى-
دەك ئاڭلىنىپتۇ. ئوغلاقلار ئى-
شىكنى ئاچماقچى بولغاندا، ھې-
لىقى قارا ئوغلاق ئۇلارنى توسۇ-
ۋاپتۇ ۋە گۇمانسىرىغان ھالدا سو-
راپتۇ:





— ئاپا، قولىڭىزنى كۆرۈپ باقساق بولامدۇ؟

بۆرە قاپقارا تۈك باسقان ئالدى پۇتىنى سۇنۇپتۇ. ئوغلاقلار پۇتنى كۆرۈپلا ئەھۋالنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ: ھېلىقى ۋەھشىي بۆرە يەنە كەپتۇ ـ دە!

— ئاپىمىزنىڭ مۇنداق قارا قولى يوق. سەن بۆرە ئىكەنسەن!

— دەپ ۋارقىراپتۇ قارا ئوغلاق.

— ئېچىشە ئىشىكنى! — قېرى بۆرە يەنە بوغۇق ئاۋازى بىلەن توۋلاپ كېتىپتۇ.

— ئاچمايمىز! ئاچمايمىز!

ئاچمايمىز دېدۇق، ئاچمايمىز! چاققان يوقال بۇ يەردىن!

ئوغلاقلار بىردەك ئاۋازدا توۋلاپتۇ.

بۆرە يەنە ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەپتۇ. ئۇ بولكىچى ئۇستامنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— پۇتۇم يارىلىنىپ قالدى، پۇتۇمغا ئازراق شىلىم سۈركەپ قويۇڭ، — دەپتۇ. بولكىچى ئۇستام شىلىم سۈركەپ قويۇپتۇ، ئاندىن بۆرە تۈگمەنچىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— پۇتۇمغا ئازراق ئۇن سېپىپ قويۇڭ، — دەپتۇ. تۈگمەنچى: «بۇ بۆرە بىر كىمنى ئالدىماقچى بولۇۋېتىپتۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلماپتۇ.

— سەپمىسەڭ، سېنى يەۋېتىمەن! — دەپتۇ بۆرە. تۈگمەنچى قورققىنىدىن ئۇنىڭ پۇتىنى ئاقارتىپ قويۇپتۇ.

«بۇ نۆۋەت جەزمەن ئۇلارنى ئالدىيالايمەن!» دەپتۇ بۆرە مەغرۇرلانغان ھالدا.

بۆرە دېگەن ئەبلەخ ئەمدى ئۈچىنچى قېتىم ئوغلاقلارنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئىشىك قېقىپتۇ.



— ئوماق - ئوماق ئوغلاقلىرىم، چاققان ئىشىكنى ئېچىڭلار! ئاناڭلار قايتىپ كەلدى! ئورمانلىقتىن ھەربىرىڭلارغا يۇمران چۆپ ئالغاچ كەلدىم!

بۇ ئاۋاز ئۆچكە ئانىنىڭ ئاۋازى بىلەن ئوپئوخشاش ئىكەن، ئەمما ئوغلاقلار يەنىلا ۋارقىرىشىپتۇ:

— ئاۋۋال بىزگە قولۇڭنى كۆرسىتىپ باق، سېنىڭ مېھرىبان ئانىمىز ئىكەنلىكىڭ ياكى ئەمەسلىكىڭنى كۆرۈپ باقايلى!

بۆرە دەرھال ئاپئاق قولىنى دېرىزىدىن سوزۇپ كىرگۈزۈپتۇ.

ئوغلاقلار خاتىرجەم بولۇپ، دەرھال ئىشىكنى ئېچىپتۇ. بىراق، ئۆيگە كىم كىرىپتۇ دېمەمسىز؟ ھېلىقى بۆرىنىڭ ئۆزى ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە ئېتىلىپ كىرىپتۇ.

بىچارە ئوغلاقلار قورققىنىدىن تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ، يوشۇرۇنۇشقا باشلاپتۇ. بىرىنچىسى جوزىنىڭ تېگىگە، ئىككىنچىسى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا، ئۈچىنچىسى مەشنىڭ ئىچىگە، تۆتىنچىسى ئاشخانىغا، بەشىنچىسى ئىشكاپنىڭ ئىچىگە، ئالتىنچىسى قومۇش سېۋەتنىڭ ئىچىگە، يەتتىنچىسى تىكلىمە سائەتنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپتۇ. بىراق، بۆرە ئۇلارنىڭ ئالتىسىنى تېپىۋېلىپ، بىر - بىرلەپ يۇتۇۋېتىپتۇ. ئۇ پەقەت سائەتنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان قارا ئوغلاقنى تاپالماپتۇ.

قورسىقى تويۇپ تومپىيىپ كەتكەن بۆرە بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ چۆپلۈكتە يېتىپ ئۇخلاپتۇ.





ئۆزاق ئۆتمەي ئۆچكە ئانا ئورمانلىقتىن قايتىپ كەپتۇ. قارىسا، ئىشلار باشقىچە تۇرغۇدەك: ئىشىك ھاڭگىرقاي ئوچۇق، ئۆيدىكى جوزا - ئورۇندۇقلار ئۆڭتەي - توڭتەي بولۇپ كەتكەن، تەڭلە يېرىلغان، يوتقان - كۆرپە، ياستۇق - تەكيلەر يەردە ياتقان.

ئەھۋال چاتاق! ئۆچكە ئانىنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا كەپلەشكەندەك دەم ئالالماي قاپتۇ!

ئۆچكە ئانا يەتتە بالىسىنى ئىزدەپتۇ، لېكىن ھېچنەدىن تاپالماپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بىر - بىرلەپ چاقىرىپتۇ، ئەمما جاۋاب ئاڭلانماپتۇ. ئاخىرىدا كەنجىسىنىڭ ئىسمىنى چاقىرغانىكەن، «جېنىم ئاپا، مەن سائەتنىڭ ئىچىدە» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، ئارقىدىن تىكلىمە سائەتنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، ئىچىدىن قارا ئوغلاق يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ.

— ئاپا، جېنىم ئاپا! ئاكا - ئاچىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بۆرە يەپ كەتتى!

ئۆچكە ئانا بالىلىرىنىڭ دەردىدە ھۆڭ - ھۆڭ يىغلىغان پېتى ئۆيدىن چىقىپتۇ. قارا ئوغلاق ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ.

تۇيۇقسىز ئۆچكە ئانا خورەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ھوي، دەرەخنىڭ تۈۋىدە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان كىمدۇ؟

ئەسلىدە، ئەتراپنى زىلزىلىگە سېلىپ خورەك تارتقۇچى دەل ھېلىقى قېرى بۆرە ئىكەن! ئۇ ئالتە ئوغلاقنى يالمۇۋەتكەندىن كېيىن، ئوڭدىسىغا يېتىپ ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن. ئۇنىڭ خورىكىنىڭ كۈچىدىن دەرەخ شاخلىرىمۇ مىدىرلاپ تۇرغۇدەك.

ئۆچكە ئانا يېقىن كېلىپ بۆرىگە سەپسېلىپ قارىسا، ئۇنىڭ تومپايغان قورسىقىدا بىر نەرسە مىدىرلاپ تۇرغۇدەك.

«ۋاي خۇدايىمەي، بۆرە يەۋەتكەن بالىلىرىم تېخى تىرىكمىدۇ يا؟!» دەپ ئويلاپتۇ ئۆچكە.

ئۇ قارا ئوغلاققا دەپتۇ:

— بالام، تېز ئۆيگە بېرىپ، قايچا ۋە يىپ - يىڭنە ئەپكەل!



— ماقۇل، ئاپا!
قارا ئوغلاق يۈگۈ-
رۈپ بېرىپ ئۆيدىن قايچا
ۋە يىپ - يىڭنە ئېلىپ
كەپتۇ. ئۆچكە ئانا قايچا
بىلەن ۋەھشىي بۆرىنىڭ
قورسىقىنى ئازراق يارغا-
نىكەن، بىر ئوغلاق بېشىد-
نى چىقىرىپتۇ. ئۇ داۋام-
لىق يېرىپتىكەن، ئالتە
ئوغلاقنىڭ ھەممىسى
ساق- سالامەت سەكرەپ
چىقىپتۇ. بۆرە دېگەن ئەب-
لەخ بەك ئاچ كۆز بولغاچ-
قا، ئوغلاقلارنى پۈتۈن -
پۈتۈن يۇتۇۋەتكەنىكەن!
ئۇماق باللىرىنى تىرىك پېتى قايتا كۆرگەن ئۆچكە ئانا خۇشاللىقىدا
يىغلىۋېتىپتۇ. ئوغلاقلار سۆيۈملۈك ئانىسىنى قۇچاقلىۋېلىپ سۆيۈپ كېتىپ-
تۇ، قىن - قىنىغا پاتماي سەكرىشىپتۇ.
— چاققان بېرىپ تاش تېپىپ كېلىڭلار! بۇ ئەبلەخ ئويغانماستا قورسى-
قىنى تاش بىلەن تولدۇرۇۋېتەيلى، — دەپتۇ ئۆچكە ئانا.
يەتتە ئوغلاق ھەش - پەش دېگۈچە يوغان - يوغان تاشلارنى ئېپكېلىپ
بۆرىنىڭ قورسىقىنى تولدۇرۇۋېتىپتۇ. ئۆچكە ئانا بۆرىنىڭ قورسىقىنى
تىكىپ قويۇپتۇ.



بىر ۋاقىتتا ئويقۇسى
قانغان بۆرە ئورنىدىن تۇرۇپ-
تۇ. ئۇنىڭ ئاشقازىنىدا
غىچلا تاش بولغاچقا، ئۇس-
ساپ ئاغزى قۇرۇپ كەتكە-
نىكەن.
بۆرە سۇ ئىچكىلى دەريا
بويىغا مېڭىپتۇ. بىراق، ئۇ
دەلدەڭشىپ ماڭغان چاغدا
قورسىقىدىكى تاشلار بىر -
بىرىگە ئۇرۇلۇپ شاراقلاپ
كېتىپتۇ.

بۆرە مۇنداق دەپ ۋايساپتۇ:

قورسىقىم شاراقلايدۇ، ئىچىمدىكى نېمىدۇ؟
ئوغلاق يېدىم دەپ يۈرسەم، يېگىنىم غىچ تاشكەنغۇ!

بۆرە بىرمۇنچە جاپادا دەريا بويىغا بېرىپ، سۇ ئىچكىلى ئېڭىشمەكچى بوپتۇ. لېكىن، قورسىقى بەك ئېغىرلاپ كەتكەچكە ئېگىلەلمەي قاپتۇ ۋە ئۆزىنى باشقۇرالماي دەرياغا «پۇلتۇڭگىدە» چۈشۈپ كېتىپتۇ.

بۆرە ۋارقىراشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قاپتۇ. سۇ ئىچىدە بىرنەچچە قېتىم پۇلتۇڭلاپ، ئاندىن دەريانىڭ تېگىگە چۆكۈپ كېتىپ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ.

دەرەخلەرنىڭ كەينىگە مۆكۈۋالغان ئۆچكە ئانا ۋە ئوغلاقلار چىقىپ، بۆرىنىڭ مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئىختىيارسىز تەنتەنە قىلىشىپتۇ.

— سەن ئەبلەخكە تازا خوپ بولدى!

— بىز ئەمدى تالادا خاتىرجەم ئوينىيالايدىغان بولدۇق!

شوخ، ئوماق ئوغلاقلار ئانىسىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ناخشا ئېيتىپتۇ، ئۇسسۇل ئويناپتۇ، ئۇلار بۆرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئالدىشىدىن ئەندىشە قىلمايدىغان بوپتۇ.

ئۆچكە ئانا باللىرىنى باشلاپ خۇشال هالدا ئۆيىگە قايتىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ، ئۇلار تىنچ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.



# شەھەر چاشقىنى ۋە سەھرا چاشقىنى

فرانسىيە مەسەلى (ئەسلى ئەسەر: راففېندىنىڭ)

بۇرۇن بىر شەھەر چاشقىنى سەھراغا بارغاندا، بىر سەھرا چاشقىنى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. سەھرا چاشقىنى ناھايىتى مېھماندوست ئىكەن. ئۇ شەھەر چاشقىنىنى سەھرادىكى مېۋىلىك باغلارنى، سۈيى ئەلۋەك ئۆستەڭ بويلىرىنى ئايلاندۇرۇپتۇ، كۆكتاتلىقتا باشلاپ بېرىپ، خىلمۇخىل كۆكتاتلارنى تېتىپ بېقىشقا تەكلىپ قىپتۇ، ئېتىزلىقتا ئۆسكەن يېڭى زىرائەتلەرگىمۇ ئېغىز تەگكۈزگۈزۈپتۇ. يەنە ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ، بانان، ياڭاق، ئارپا ۋە ئامبىرىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئاچىقىپ مېھمان قىپتۇ.

بۇ يېمەكلىكلەر شەھەر چاشقىنىغا ئانچە تەملىك بىلىنمەپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارغا ئېغىز تېگىش ئۈچۈن باغمۇباغ، ئېتىزمۇئېتىز يۈرۈپ ھېرىپ كېتىپتۇ. «نېمىدېگەن جاپا - ھە؟ — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، — قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن شۇنچە جاپا تارتقان بارمۇ؟ شەھەردە بولسا...»

— مېھمان قىلغىنىڭغا رەھمەت، دوستۇم، — دەپتۇ شەھەر چاشقىنى سەھرا چاشقىنىغا، — بىراق ساڭا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. بىر قېتىم قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن شۇنچە كۆپ جاپا چېكىدىكەنسەن. قارىغاندا، سەن بەكمۇ بىچارە ئىكەنسەن. قاچانغىچە مۇشۇنداق غۇربەتچىلىك ئىچىدە





تۈرمۈش كەچۈرىسەن؟ مەن بىلەن كەتكىن، مېنىڭ باياشات تۈرمۈشۈمنى كۆرۈپ باققىن، خىلمۇخىل نازۇنېمەتلەرنى تېتىپ باققىن. كىم بىلىدۇ، مېنىڭ بىلەن شەھەردە تۇرۇپ قالامسەن تېخى!

سەھرا چاشقىنى شەھەر چاشقىنىنىڭ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ.

شەھەر چاشقىنى شەھەرگە قايتىپ ئۇزاق ئۆتمەي، سەھرا چاشقىنى ئۇنى يوقلاپ كەپتۇ. شەھەر چاشقىنى ھەشەمەتلىك بىر ئۆيدە تۇرىدىكەن. ئۇ دوستىنى يېمەك ـ ئىچمەك ئىسكىلاتىغا باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە گۆش، ماي، قىزا، بولكا، قېتىق، ئىرىمچىك، ھەسەل، مۇراببا، ئىشقىلىپ نېمە دېسە شۇ بار ئىكەن!

قاتتىق ھەيران بولغان سەھرا چاشقىنى كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قاپتۇ:

— ياپىرىم، مەن بۇ نەرسىلەرنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان.

— ئەلۋەتتە شۇنداق. قېنى، باققىنى ئەمىسە! تارتىنماي ئالغىن! مەن مانا شۇنداق تۈرمۈش كەچۈرىمەن، — دەپتۇ شەھەر چاشقىنى.



شەھەر چاشقىنى قورساق توقلاشقا تۇتۇش قىپتۇ، سەھرا چاشقىنىمۇ تەكەللۇپ قىلماي كىتىرلاپ يېمەكلىكلەرگە تېگىش قىپتۇ. ئىسكىلاتتىكى نەرسىلەر ئۇنىڭ ئۇچۇن يېڭىلىق بولغاچقىمىكىن، بەك جىق يېگۇسى كەلمەپتۇ، بىراق ئۇنى - بۇنى ئاز - ئازدىن بولسىمۇ تېتىپ باققۇسى كەپتۇ، شۇڭا قورسىقىنىڭ تويغىنىنى ئۇيمايلا قاپتۇ.

بىر چاغدا ئېغىر ئاياغ تىۋىشى يېقىنلاپ، ئۇلارنىڭ كاتتا زىياپىتىنى ئۈزۈپ قويۇپتۇ.

— خوجايىن كەلدى، چاققان قاچايلى! — دەپتۇ شەھەر چاشقىنى جىددىيلەشكىنىدىن غال - غال تىترەپ.

سەھرا چاشقىنى تەمتىرەپ قاپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ چاققانلىق بىلەن شەھەر چاشقىنى قاچقان تەرەپكە يۈگۈرۈپتۇ.

ھېلىمۇ ياخشى، ئۇلار دەل ۋاقتىدا قېچىۋېلىپتۇ، بولمىسا خوجايىنىنىڭ ئايىغى ئاستىدا مىجىقى چىقىپ كېتەتتىكەن. چۈنكى، بۇ ئۆينىڭ ئايال خوجايىنىنىڭ ئايىغى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىلىقى بىر سۆڭمۇ كەلمەيدىكەن!



ئايال خوجايىن بىرھازا-غىچە «تاراق - تاراق» قىلىپ يۈرۈپ، ئىسكىلاتتىن بىر قۇتا چاي ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

شەھەر چاشقىنى بىلەن سەھرا چاشقىنى يوشۇرۇنۇۋالغان يېرىدىن چىقىپ يەنە پەيزى قىلىشقا باشلاپتۇ.



— ھېچقىسى يوق، قېنى كەل! ئەنسىرىمە، ئۇ كەتتى. كەل، يە، يە دەيمەن! بۇ ھەسەل، بەك تەملىك، — دەپتۇ شەھەر چاشقىنى.

سەھرا چاشقىنى ھەسەلنى تېتىپ كۆرۈپ، ئىختىيارسىز توۋلىۋېتىپتۇ:

— ياپىرىم! ئەجەب تەملىك نېمىكىنا بۇ!

— ھەسەل دېگەن شۇ، — دەپتۇ شەھەر چاشقىنى مەغرۇر قىياپەتتە، — جىقراق ئىغىز تەگكىن ئۇنىڭغا!

سەھرا چاشقىنى تازا خۇش بولۇپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز يەنە ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپتۇ. ئىككى چاشقان يەنە قېچىپتۇ. ئەسلىدە ئۆينىڭ ئەر خوجايىنى ئىسكىلاتتا بىرنەچچە بوتۇلكا هاراق ئالغىلى كىرگەنىكەن، بىراق ئۇ قاچىنىڭ تېشىغا ئېقىپ قالغان ھەسەلنى كۆرۈپ، غەزەپلەنگەن ھالدا ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— يەنە شۇ لەنىتى چاشقانلارنىڭ ئىشىغۇ بۇ! خەپ توختاپ تۇرۇڭلار، بۇ يەرگە مۈشۈك دېگەن جانىۋارنى ئەكىرىپ قوياي، شۇ چاغدا قانداق قىلارسىلەركىن؟!

چاشقانلار قورقىنىدىن نەپەسمۇ ئالالماي قاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئەتراپ يەنە تىمتاس بولۇپ قاپتۇ.

— سىنىڭ بۇ ماكانىڭدا دائىم مۈشۈنداق ئىشلار بولۇپ تۇرامدۇ؟ — دەپ پىچىرلاپتۇ سەھرا چاشقىنى تۇگۇلگىنىچە.



— ھە... ھە، بەزىدە... شۇنداق، — شەھەر چاشقىنى كېكەچلەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

تۇيۇقسىز ئىسكىلاتنىڭ ئىشىكى «غىچ» قىلىپ ئېچىلىپتۇ، ئىككى چاشقان قورقىنىدىن قېتىپ قاپتۇ.

ئۇلار يۇڭلۇق بىر مەخلۇقنىڭ ئىسكىلاتقا كىرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ.

— ئۇ نېمە؟ — سەھەر چاشقىنى شەھەر چاشقىنىغا پىچىرلاپتۇ.

— ئۇش! گەپ قىلما، ئۇ مۈشۈك، ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ قالمىسۇن، بولمىسا...





ئىككى چاشقان ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە تىكىلىپ ئوۋ ئىزدەپ يۈرگەن مۈشۈكنىڭ دۈپدۈگىلەك كۆزلىرىگە قاراپ قېتىپ قاپتۇ.

مۈشۈك مەززىلىك پۇراق تارقىلىپ تۇرغان بىر تال قىزنى كۆرۈپ قاپتۇ- دە، يېيىشكە باشلاپتۇ.

قىزا يەپ قورسىقى تويۇپ قالغان مۈشۈك: «چاشقان تۇتىدىغان ئىشنى ئەتىگە قالدۇراي» دەپتۇ - دە، كېتىپ قاپتۇ.

سەھرا چاشقىنى خەتەرنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال شەھەر چاشقىنى بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلىشىپتۇ.

— سەن قىزا ۋە سېمىز گۆشلەرنى يەپ باياشات تۇرمۇشۇڭدا ياشاۋەر-
گىن، — دەپتۇ ئۇ، — مەن تېزرەك كېتىۋالاي! سېنىڭ تۇرمۇشۇڭنىمۇ
كۆرۈپ قويدۇم، باياشات بول-
سىمۇ مۈشۈكنىڭ دەستىدە
بىر دەممۇ خاتىرجەم ياشىيال-
مايدىكەنسەن. مەن سەھرادا
ھېلىقى تەمسىز تاماقلارنى
يەپ نامرات ياشاشقا رازى،
ئەمما دەككە - دۈككە ئىچىد-
ە مەززىلىك تائاملارنى
چۆرگىلەپ، كۆن بويى بې-
شىمنى ئىچىمگە تىقىۋې-
لىپ، يۈرىكىم ئاغزىمغا
كەپلەشكەن ھالدا كۈن ئۆت-
كۈزۈشنى خالىمايمەن!



# قىسقۇچپاقا بىلەن كۆكقوتان

فرانسىيە مەسەلى (ئەسلى ئەسەر: راففېندىنىڭ)

بۇرۇن بىر كۆكقوتان بولغانىكەن، ئۇ بېلىق يەپ جان باقاتتىكەن، كېيىن قېرىپ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن، بېلىق تۇتۇشى بەك قىيىنلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر بىر ھىيلىنى تېپىپتۇ - دە، قىسقۇچپاقىنىڭكىگە بېرىپتۇ. بۇ قىسقۇچپاقا گەپ توشۇشقا ئامراق ئىكەن.

— بىر شۇم خەۋەرنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپتۇ كۆكقوتان قىسقۇچپاقىغا.
— نېمە شۇم خەۋەر؟ چاققان ئېيتقىنا! — دەپتۇ قىسقۇچپاقا ئالدىراپ.
— كۆلچەكتىكى بېلىقلارغا بالا - قازا كېلىدىكەن!
— نېمە بالا - قازا؟
— بېلىقچىلار تور تاشلاپ ھەممە بېلىقنى تۇتماقچى بوپتۇ.

قىسقۇچپاقا ئالدىراپ - تېنەپ بېرىپ بۇ قورقۇنچلۇق خەۋەرنى بېلىقلارغا يەتكۈزۈپتۇ.



ۋەھىمىگە چۈشكەن بېلىقلار قىسقۇچپاقىغا، بىزگە بىر ئامال تېپىپ بەرگىن، دەپ يالۋۇرۇپتۇ. قىسقۇچپاقا دەرھال كۆكقوتاننىڭ يېنىغا بېرىپتۇ.

— مېنى بېلىقلار ئالدىڭغا ئەۋەتتى، — دەپتۇ قىسقۇچپاقا، — سەن بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالساڭ بوپتىكەن.

قېرى كۆكقوتان قەستەن بىرھازاغىچە ئويلانغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئاندىن:



— ئۇلار چوڭ كۆلگە كەتمىسە، بۇ
بالا ـ قازادىن قۇتۇلالمايدۇ. ئەمما، مەن
ھەر قېتىمدا ئاران بىرنەچچىسىنى كۆل-
گە ئاپىرىپ قويالايمەن.
شۇنداق قىلىپ، كۆكقوتان كۆل-
چەك بىلەن ئورمانلىقتىكى كۆلنىڭ ئا-
رىلىقىدا قاتناشقا باشلاپتۇ. لېكىن، ئۇ
ئېمىشقىدۇر پات — پات يولدا ھايال بو-
لۇپ قالىدىكەن. قىسقۇچپاقىمۇ ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ بارغانچە يوغىناۋاتقان-
لىقىنى سېزىپ قاپتۇ.
بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. كۆلچەكتىكى بېلىقلار تۈگەپ، قىسقۇچپاقا
يالغۇز قاپتۇ. «مەنمۇ كېتىۋالاي، — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، — بېلىقچىلارنىڭ
تورىغا چۈشۈپ قالسام، ئۇلار مېنى ھەرگىز قويۇۋەتمەيدۇ.»
كۆكقوتان قىسقۇچپاقىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك، بىر كۈنى:
— ھەي، سەنمۇ كۆلگە كەتكىن! — دەپتۇ.
قىسقۇچپاقا كۆكقوتاننىڭ بوينىغا مىنىپتۇ. كۆكقوتان قانات قېقىپ
كۆلچەكتىن يىراقلىشىپتۇ.



ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا، قىسقۇچپاقا
يەر يۈزىگە شۇنداق قاراپتۇ. ۋاي خۇدا-
يىم! يەر يۈزى بېلىق قىلتىرىقلىرىغا تو-
شۇپ كېتىپتۇغۇ! ئەسلىدە كۆكقوتان
يولدا كېتىۋېتىپ بېلىقلارنىڭ ھەممىسى-
نى يەۋېتىپتىكەن — دە! قىسقۇچپاقا ئۆ-
زىنىڭ بىر جۈپ چوڭ ھەم كۈچلۈك
قىسقۇچلىرى بىلەن كۆكقوتاننىڭ بوي-
نىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ دەپتۇ:
— مېنىڭ بېلىقلارنىڭ كۈنىگە قال-
غۇم يوق! سەن مېنى ياۋاشلىق بىلەن
كۆلگە قويۇپ بەرمىگۈچە، ھەرگىز
قىسقۇچلىرىمنى بوشاتمايمەن!
كۆكقوتان قىسقۇچپاقىنىمۇ يەۋې-
تىش مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ. شۇنىڭدىن
تارتىپ، ئۇلار ئىككىسى سىغىشالمايدى-
غان رەقىبلەرگە ئايلىنىپ قاپتۇ.




# باشمالتاق بالىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى

### گېرمانىيە چۆچىكى (ئەسلى ئەسەر: گرىمنىڭ)

نۇرغۇن - نۇرغۇن يىللار بۇرۇن، بىر گىگانت ئادەم بىلەن بىر جادۇگەر بىر ياقۇتنى تالىشىپ قاپتۇ.

— ياقۇتنى مەن ئالىمەن! — دەيدىكەن گىگانت ئادەم.

— نېمىشقا سەن ئالغۇدەكسەن؟ ئۇنى مەن ئېلىشىم كېرەك! — دەيدىكەن جادۇگەر.

ئۇلار تالىشىپتۇ، تالىشىپتۇ، بىر - بىرىگە زادىلا يول قويماپتۇ. بىر چاغدا گىگانت ئادەم جادۇگەرنىڭ قولىدىن ياقۇتنى تارتىۋېلىپ:

— دەرھال كۆزۈمدىن يوقال، بولمىسا سېنىڭ مىجىقىڭنى چىقىرىۋېتىمەن! — دەپتۇ ھەيۋە قىلىپ.

— خەپ توختاپتۇر! — دەپتۇ جادۇگەر ئۇنى قارغاپ، — تۇغۇلغان بالاڭ مەڭگۈ ئۆسمەيدۇ، ھەرقانچە يوغىنىسىمۇ مېنىڭ باشمالتىقىمچىلىك بولالمايدۇ!

جادۇگەر شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ كېتىپ قاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، گىگانت ئادەم باللىق بوپتۇ. دەرۋەقە ئۇنىڭ بالىسى شۇ قەدەر كىچىككەنكى، زەن سېلىپ قارىمىسا، ئۇنى تۈزۈك كۆرگىلىمۇ بولمايدىكەن. گىگانت ئادەم بالىسىغا «توم» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

تومنىڭ ئۆزى چوڭايمىسىمۇ يېشى چوڭىيىپ، يۈگۈرۈپ يۈرگۈدەك، تالاغا چىقىپ ئوينىغۇدەك بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزى بىلەن بوي - تۇرقى ئوخشاپ كېتىدىغان قۇرت - قوڭغۇزلار بىلەن بىللە بولۇشنى، ئويناشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن.





بىر كۈنى توم دوستى پاقىجاننىڭكىگە بارماقچى بوپتۇ. توم پاقىنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن كۆلچەكتە لەيلەپ تۇرغان بىر تال يوپۇرماققا يامىشىپ چىقىشىغا، قاياقتىندۇر بىر چوڭ بېلىق پەيدا بوپتۇ ــ دە، ئۇنى يالماپ يۇتۇۋېتىپتۇ.

شۇ كۈنى پادىشاھنىڭ ئاشپىزى بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن كۆلگە كېلىپ قارماق تاشلىغانىكەن. ئىشىنەمسىز، ئىشەنمەمسىز، ئىختىيار ئۆزىڭىزدە، تومنى يۇتۇۋالغان ھېلىقى بېلىق ئانچە ئۆتمەي ئاشپەزنىڭ قارمىقىغا ئىلىنىپ قاپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئاشپىزى ئوردا ئاشخانىسىغا قايتىپ كېلىپ، بېلىقنىڭ قارنىنى يارغانىكەن، ئىچىدىن توم سەكرەپ چىقىپتۇ. دەسلەپتە ئاشپەز قورقۇپ كېتىپتۇ، كېيىن ئۆزىنى بېسىۋاپتۇ.

— ھوي، سەن كىم؟ — دەپتۇ ئاشپەز ھەيران بولغىنىدىن دۇدۇقلىغان ھالدا.

— مەن توم! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ توم شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن گىگانت ئادەمنىڭ بالىسى.

«ۋاي ـ ۋۇي، نېمانچە كىچىك بالا بۇ! گىگانت ئادەمنىڭ بالىسىمىش تېخى! ئۇنى قانداق قىلسام بولار؟» دەپ ئويلاپتۇ ئاشپەز.

تۇيۇقسىز ئاشپەزنىڭ كاللىسىغا بىر خىيال كەپتۇ: «تاپتىم! ئۇنى پادىشاھقا تەقدىم قىلاي، ئوردا قىزىقچىسى قىلىۋالسۇن. ئۇنى تورتنىڭ ئىچىگە تىقىپ قوياي. تورت پادىشاھنىڭ تاماق جوزىسىغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەن ئۇنى تورتنىڭ ئىچىدىن چىقىشقا بۇيراي. بۇنداق بولغاندا، پادىشاھتىن تارتىپ ئوردىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئاجايىپ ھەيران بو-لۇپ كېتىشىدۇ!»

ئاشپەز باشمالتاق بالا تومنى يۇيۇندۇرۇپتۇ، كىيىملىرىنى پاكىز يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپتۇ. ئاندىن كېيىن، تازا چوڭ تورتتىن بىرنى تۇرۇپ، تومنى ئۇنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويۇپتۇ.



شۇ كۈنى پادىشاھ نۇرغۇن مېھمان چاقىرىپ كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزگەنىكەن. ئاشپەز تورتنى ئەكىرىپ جوزىغا قويغاندىن كېيىن:

— باشمالتاق بالا، ئوتتۇرىغا چىق! — دەپتۇ. شۇ ھامان تورتنىڭ ئىچىدىن توم سەكرەپ چىقىپتۇ - دە، ئاۋۋال پادىشاھقا، كېيىن مېھمانلارغا سالام بېرىپتۇ.

مېھمانلار بۇ ئاجايىپ كىچىك بالىنى ۋە ئۇنىڭ ئەپچىل ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلىنىپ تۇۋلىشىپ كېتىپتۇ. پادىشاھمۇ بۇ يېڭىلىقتىن خۇشال بولۇپ، ئاشپەزنى تارتۇقلاپتۇ، تومنى ئوردا قىزىقچىسى قىلىۋاپتۇ.

پادىشاھ باشماقتاق بالا تومنى بەك ياقتۇرۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا مىنىدىغانغا «ئات» بېرىپتۇ ۋە قىلىچ ياساتىپ بېرىپتۇ. تومنىڭ «ئېتى» بىر ئاق چاشقان، قىلىچى بولسا بىر تال ئالتۇن يىڭنە ئىكەن.

توم ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلانغىنى ۋە كۈنلىرىنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتقانلىقىدىن خۇشال بوپتۇ، ئەمما ئۇ بىر مۈشۈكنىڭ ئۆزىگە رەقىب بولۇپ قېلىشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمەپتۇ. پادىشاھ بۇرۇن تاغىل مۈشۈكنى تولىمۇ ئەتىۋارلاپ باققانىكەن.



پادىشاھنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان تاغىل مۈشۈكنىڭ قورسىقى قاتتىق كۆيۈپ، تومنى ئىزدەپ تېپىپ ئاچچىقىنى چىقارماقچى بوپتۇ. شۇ كۈنى ئۇ گۈللۈككە يوشۇرۇنۇپ، تومنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ.

تاغىل مۈشۈك: «بۇ مىتىرىق شۇمتەك مېنى كۆرىدىغان بولسا، ئالدى - كەينىگە قارىماي تىكىۋېتىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.



لېكىن، ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماپتۇ.

تاغىل مۈشۈك قورقۇنچلۇق مىياۋلاپ گۈللەرنىڭ ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىققاندا، توم قىلىچە ھودۇقۇپ قالماپتۇ، ئەكسىچە ئاق چاشقانغا مىنىپ، قىلىچىنى ئوينىتىپ مۈشۈككە ئېتىلىپتۇ، يەنە تېخى:

— ھۇررا! ھۇررا! — دەپ توۋلاپتۇ.

تومنىڭ يىڭنە قىلىچى تاغىل مۈشۈكنىڭ تۇمشۇقىغا بىر سانجىلغانىكەن، ئۇ ئېچىنىشلىق مىياۋلىغىنىچە بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.

تاغىل مۈشۈك يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەپتۇ، بەلكى باشمالتاق بالا تومغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇ قېتىم ھىيلە ئىشلىتىپ ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بوپتۇ.

بىر كۈنى تاغىل مۈشۈك پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— ئالىيلىرى، توم سىلىنىڭ غىزالىرىغا سۆكات سېلىشنى قەستلەۋاتىدۇ. بۇنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدىم، — دەپتۇ.

تاغىل مۈشۈك ئۆز سۆزىنىڭ ئاساسى بارلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئاق چاشقاننىڭ ئېگىرىنىڭ ئاستىغا بىر تال سۆكات يوپۇرمىقى سېلىپ قويغانىكەن، ئۇنى ئېلىپ پادىشاھقا كۆرسىتىپتۇ.

سۆكات بىر خىل زەھەرلىك ئۆسۈملۈك ئىكەن.



دەرغەزەپكە كەلگەن پادىشاھ تومنى زىندانغا تاشلىماقچى بوپتۇ. بىراق، توم بەك كىچىك بولغاچقا، ئۇنى چوڭ ئادەملەرنى قامايدىغان زىندانغا سالغىلى بولمايدىكەن، شۇڭا بىر تىكلىمە سائەتنىڭ ئىچىگە سولاپ قويۇپتۇ.

ۋاقىت بىر سائەت - بىر سائەتلەپ ئۆتۈپتۇ. توم سائەتنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋېرىپ قاتتىق زېرىكىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سائەتنىڭ ماياتنىكىگە يامىشىپ چىقىپ، ماياتنىك بىلەن تەڭ تەۋرىنىپ ئويناشقا باشلاپتۇ. بۇ ئۇنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان بىردىنبىر ئويۇنى بولۇپ قاپتۇ.

بىر كېچىسى ماياتنىكلىق سائەت قويۇلۇق ئۆيگە چوڭ بىر پەرۋانە ئۇچۇپ كىرىپتۇ. ئۇ بىردىنلا ئاجىز بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قاپتۇ:

— مېنى قويۇۋېتىڭلار! مېنى قويۇۋېتىڭلار!

بۇ پەرۋانە بايىلا بىر قەغەز قۇتىنىڭ ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىققانىكەن. ئۇ قاماپ قويۇلۇشنىڭ تەمىنى يەتكۈچە تېتىغان بولغاچقا، تومغا ئىچ ئاغرىتىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سائەتنىڭ قاپقىقىنى ئېچىپ، تومنى چىقىرىۋاپتۇ.



— رەھمەت ساڭا، پەرۋانىجان!

— دەپتۇ توم مىننەتدار بولۇپ.

— ئەرزىمەيدۇ، — دەپتۇ پەرۋانە قاناتلىرىنى پىرىلدىتىپ، — ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟

— قانداق قىلىشىمنى، نەگە بېرىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، — دەپتۇ توم ھەسرەت بىلەن.

— مەن سېنى كېپىنەكلەر پادىشاھلىقىغا ئېلىپ كېتەي. ئۇ يەردىكىلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى سەن بىلەن ئوخشاش، يەنە كېلىپ ھەممىسى ئىجىل - ئىناق ياشايدۇ.

توم خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بوپتۇ. پەرۋانە تومنى ئېلىپ كېپىنەكلەر پادىشاھلىقىغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. توم كېپىنەكلەر پادىشاھلىقىدا خۇشال - خۇرام ھايات كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.





# ياۋا توشقان بىلەن كىرپە

گېرمانىيە چۆچىكى (ئەسلى ئەسەر: بېشستېيىننىڭ)

ئورمانلىقتا ئانا كىرپە قوشكېزەك ئوغۇللىرى بىلەن بىللە ياشايدىكەن. كىرپىچاقلار بەك شوخ ھەم زېرەك ئىكەن، ھەر كۈنى ئانىسىنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپ، ئۇنىڭغا قول - قانات بولىدىكەن.

بىر كۈنى بىر كىرپىچاق خۇددى ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدەك كۆكتاتلىققا بېرىپ سەۋزە قېزىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ قېتىم قازغىنى تازا چوڭ سەۋزە ئىكەن.

كىرپىچاق سەۋزىنى يۇدۇپ ئۆيگە قايتىپتۇ، ئۇنى كۆتۈرۈپ بولالماي ئىنجىقلاپ كېتىپتۇ.

كىرپىچاق يېرىم يولغا بارغاندا بىر ياۋا توشقان بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. كىرپىچاق چارچاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا دوستانىلىق بىلەن سالام بېرىپتۇ، بىراق ياۋا توشقان ئۇنى كۆزگە ئىلماي:

— كۆرۈپ قويدۇم، تازا مىس - مىس نېمىكەنسەن. مۇشۇ مېڭىشىڭدىن قارىغاندا، قۇلۇلىچىلىكمۇ يول يۈرەلمىگۈدەكسەن، — دەپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان كىرپىچاق بۇ ھاكاۋۇر توشقاننىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويماقچى بوپتۇ.

— پونى بوشراق ئاتساڭ بولارمىكىن، — دەپتۇ ئۇ توشقانغا، — ھەرقانچە مىس - مىس بولساممۇ، سېنىڭدىن تېز يۈگۈرەلەيمەن!

— نېمە؟! نېمە دېدىڭ؟ — ياۋا توشقان تېرىككىنىدىن سەكرەپ - سەكرەپ كېتىپتۇ.



— نېمانچە سەكرەيسەن؟ مەن بىلەن مۇسابىقىلىشىپ بېقىشتىن قورقۇۋاتامسەن يا؟ — دەپتۇ كىرپىچاق بىپەرۋا قىياپەتتە.

ياۋا توشقان ئىختىيارسىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— مەن ساڭا دەپ قوياي، — دەپتۇ دىمىغىنى قېقىپ، — بوۋام ئۆز زامانىسىنىڭ يەلتاپىنى ئىكەن، ئۇ تېخى بىر ئالتۇن مېدالمۇ ئالغانىكەن. ھايات ۋاقتىدا مېنىڭ تىرېندىرىم ئىدى. بوپتۇ، كۆڭلۈڭ قالمىسۇن، مۇسابىقىلەشسەك مۇسابىقىلىشەيلى. ئەگەر سەن مېنى يېڭىۋالساڭ، بۇ ئالتۇن مېدالنى ساڭا سوۋغا قىلىمەن!

كىرپە توشقان بىلەن تالىشىپ يۈرمەي، ئەتىسى كۆكتاتلىق يېنىدىكى كىچىك جىلغىدا كۆرۈشۈشكە ۋەدىلىشىپتۇ.

كىرپىچاق ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇكىسىنى چاقىرىپ، ياۋا توشقان بىلەن بولغان پاراڭلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىشنى تاپىلاپتۇ.



ئەتىسى تاڭ يورۇماستا، ئاكا - ئۇكا كىرپىچاقلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ يولغا چىقىپتۇ.

ئاكا كىرپىچاق جىلغىغا يېتىپ بارغاندا، ياۋا توشقان ئاللىقاچان كېلىپ بولغانىكەن.

— سېنى قورقۇپ كەلمەسمىكىن دەپتىمەن تېخى! كېچىچە تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىدىڭمۇ دەيمەن... قارا، مەن كىيىملىرىمنى سېلىۋەتتىم، بىلەمسەن، بۇنداق قىلسام تېخىمۇ تېز يۈگۈرەلەيمەن! — دەپتۇ توشقان كىرپىچاقنى دەي - دەيگە سېلىپ.



— قېنى كۆرەرمىز! — دەپتۇ كىرپىچاق مىيىقىدا كۈلۈپ، — جىلغىنىڭ ئۇ بېشىغا كىم بۇرۇن يېتىپ بارسا، شۇ يەڭگەن بولسۇن. بىز كىرپىلەر جىلغا ئىچىدە يۇگۇرۇشكە ئادەتلەنگەن، ئەمما سەن جىلغىدىكى ئېتىز قىرى بىلەن يۇگۇرسەڭمۇ بولىۋېرىدۇ.

— چاتاق يوق! — دەپتۇ توشقان.

— ئەمىسە، باشلىدۇق!

كىرپىچاق بېلىنى يادەك ئېگىپ جىلغا ئىچىدە يۇگۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى بەئەينى دومىلاۋاتقان بىر توپقىلا ئوخشايدىكەن. توشقان بولسا ئوقتەك ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئاخىرقى نۇقتىغا ئاز قالغاندا، ياۋا توشقان كىرپىچاقنىڭ ئۆزىگە قول پۇلاڭلىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ.

— قېنى، يەلتاپان بوۋاڭنىڭ ئالتۇن مېدالىنى ماڭا بېرىۋەت، — دەپتۇ كىرپىچاق.

— ياق، مەن قايىل ئەمەس، بىز يەنە بىر قېتىم مۇسابىقىلىشايلى! — دەپتۇ ياۋا توشقان.

كىرپىچاق ماقۇل بوپتۇ.



لېكىن، ياۋا توشقان باشلىنىش نۇقتىسىغا يۇگۇرۇپ كەلگەندە، يەنە كىرپىچاق ئۇنى شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغۇدەك.

ياۋا توشقاننىڭ قاتتىق ئىچى پۇشۇپتۇ. ئۇ قايتا - قايتا مۇسابىلقىششنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ، ئەمما ھەر قېتىمدا كىرپىچاقنىڭ ئۆزىنى خاتىرجەم ھالدا ئاخىرقى نۇقتىدا كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. كىرپىچاق يەنە تېخى ھەر قېتىمدا ئۇنىڭغا: «قېنى، ئالتۇن مېدالنى ئېلىپ كەلمەمسەن؟» دېگۇدەك.



ياۋا توشقاننىڭ بېشى قېيىپ، پۇتلىرى ماغدۇرسىزلىنىپ يۇمشاقلا بولۇپ قاپتۇ. ئاخىر ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كېتىپ يىقىلىپ قاپتۇ.

— ئۆزۈڭنى قانداقراق سېزىۋاتىسەن؟ يەنە مۇسابىقىلەشكۈڭ بولسا، تارتىنماي دەۋەرگىن، مانا مەن تەييار! ھەي بىچارە، بولالماي قالغاندەك تۇرىسەن، ئەمدىغۇ قايىل بولغانسەن؟ يەلتاپان بوۋاڭنىڭ ئالتۇن مېدالىنى ۋاقتىدا بېرىۋەتكىن ئەمدى، — دەپتۇ كىرپىچاق قاقاقلاپ كۈلۈپ.

ياۋا توشقان كىرپىچاققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئۇ پەرىشان ھالدا ئۆيىگە بېرىپ كىرپىچاققا ئالتۇن مېدالنى ئەكىلىپ بېرىپتۇ. مېدالنى كىرپىچاققا بەرگەندە، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھەسرەت ياشلىرى تاراملاپتۇ.

شۇ ئاخشىمى، كىرپىچاقلارنىڭ ئۆيى قىزىپ كېتىپتۇ. كىرپە ئانا ئىككى ئوغلىنى مول تائاملار بىلەن تەبرىكلەپتۇ. ئاكا - ئۇكا كىرپىچاقلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ئىشلىتىپ ھاكاۋۇر ياۋا توشقاننىڭ ئەدىپىنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن خۇشال بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ.

ياۋا توشقان كىرپىگە ئۇتتۇرۇپ قويغىنىغا يەنىلا قايىل بولماپتۇ. ئۇ ئۇيان ئويلاپتۇ، بۇيان ئويلاپتۇ، ئەمما ھەرقانچە ئويلىسىمۇ كىرپىنىڭ ئۇزۇندىن تېز يۈگۈرەلىشىگە ئەقلى يەتمەپتۇ. ئۇ كىرپىچاقنىڭ قوشكېزەك ئۇكىسى بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىرەر قېتىممۇ جاپا تارتىپ يۈگۈرۈپ يۈرمىگەنلىكىنى، پەقەت جىلغىنىڭ ئىككى بېشىدا تۇرۇۋېلىپ ئۇنى كۈتكەنلىكىنى، شۇڭا ياۋا توشقان ھەرقانچە يۈگۈرگىنى بىلەن پايدىسى بولماي، ئاخىرىدا بوۋىسى قالدۇرۇپ كەتكەن ئالتۇن مېدالنى تارتقۇزۇپ قويغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەپتۇ!





# قىزچاق بىلەن ئۈچ ئېيىق

ئەنگلىيە چۆچىكى

بىر چوڭ ئورمانلىقتا بىر كەپە بار ئىكەن. ئېيىق ئاتا، ئېيىق ئانا ۋە ئېيىقچاق ئۈچەيلەن بۇ كەپىدە ياشايدىكەن.

ئېيىقچاقلارنىڭ ياتاق ئۆيىگە ئۈچ كارىۋاتقا قويۇلغانىكەن. ئېيىق ئاتىنىڭ كارىۋىتى ئەڭ چوڭ، ئېيىق ئانىنىڭ كارىۋىتى چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس ئىكەن. ئېيىقچاقنىڭ كارىۋىتى بولسا كىچىك ھەم ئوماق ئىكەن.



ھەر ئاخشىمى ئېيىقچاق ۋە ئاتا - ئانىسى تام ئوچاقنىڭ ئالدىدا سائەت - سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىدىكەن. تام ئوچاقتا گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئۆينى ئىسسىتىپلا قالماي، يەنە يورۇتۇپ تۇرىدىكەن.

ئېيىقچاق چۆچەك ئاڭلاشقا بەك ئامراق ئىكەن. ئېيىق ئاتا بىلەن ئېيىق ئانا ھەر ئاخشىمى ئېيىقچاققا يېڭى - يېڭى، قىزىق - قىزىق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىدىكەن. ئېيىق ئاتا گۈللەر نەقىشلەنگەن ئورۇندۇقتا، ئېيىق ئانا سافادا، ئېيىقچاق بولسا كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدىكەن.

ئاشخانىدا ئۈچ دانە فارفور چىنە بار ئىكەن: ئالتۇن گىرۋەكلىك چوڭ چىنە ئېيىق ئاتىنىڭ، ئۇنىڭدىن كىچىكرەكى ئېيىق ئانىنىڭ، ئەڭ كىچىكى بولسا ئېيىقچاقنىڭ ئىكەن.



ئېيىقچاق ئۆكتەم، جېدەلخور بولغاچقا، بىرمۇ دوستى يوق ئىكەن. ئورمانلىقتىكى ھايۋانلارنىڭ بالىلىرى بىلەن ئوينىسىمۇ، ئاسانلا قىزىرىشىپ قالىدىغان بولغاچقا، ئۇلار ئۇنى ئارىغا ئالمايدىغان بولۇپ قالغانىكەن. شۇڭا، ئۇ كۈندۈزى يالغۇز ئوينايدىكەن، شۇغىنىسى يالغۇز ئوينىغان ئويۇنىنىڭ قىزىقى بولمايدىكەن.

بىر كۈنى ئېيىق ئاتا تورت پىشۇرۇپتۇ. ئۆينى بىر ئالغان مەززىلىك تورت پۇرىقى ئېيىق ئاتا بىلەن ئېيىقچاقنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىۋېتىپتۇ.

— ئاپا، ئاپا، تورت يەيمەن! — دەپتۇ ئېيىقچاق.

— شۇ تاپتا مېنىڭمۇ تورت يېگۈم كېلىۋاتىدۇ — دەپتۇ ئېيىق ئاتا. ئەمما، ئېيىق ئانا:

— تورتنى بىردەم قويۇپ قويايلى، ئوبدان سوۋۇسۇن، بولمىسا تەمى ئانچە ياخشى بولمايدۇ. تورت سوۋۇغىچە بىز قۇندۇزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىسىنى كۆرۈپ كېلەيلى، — دەپتۇ.

راست گەپنى قىلغاندا، ئېيىق ئاتا بىلەن ئېيىقچاقنىڭ شۇ تاپتىلا تورت يەپ تازا قورساق توقلىغۇسى بار ئىكەن، ئەمما تورت سوۋۇمىسا تازا تەملىك بولمايدىغانلىقىنى ئۇلارمۇ ئوبدان بىلىدىكەن. شۇڭا، ئۇلار قۇندۇز بوۋاقنى كۆرۈپ كېلىشكە ماقۇل بوپتۇ.

ئېيىق ئانا كۆڭلىكىنى كىيىپتۇ، گۈللۈك ياغلىقىنى چىگىپتۇ. ئېيىق ئاتا كاستۇمىنى ۋە شلەپىسىنى كىيىپتۇ. ئېيىقچاق بولسا، ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كۆك مايكىسىنى كىيىپتۇ.





ئېيىقچاق، ئېيىق ئاتا ۋە ئېيىق ئانا پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ يولغا چىقىپتۇ. يول بويىدا ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگارەڭ گۈل - چېچەكلەر ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپتۇ. ئېيىقچاق ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىدا سەكرەپ - تاقلاپ مېڭىپتۇ، گۈللەرگە قونغان كېپىنەك ۋە يىڭنىغۇچلارنى قوغلاپ ئويناپتۇ.

ئۇلار كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ياۋا گۈل ئۈزگىلى چىققان بىر قىزچاق ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ.

قىزچاقنىڭ چاچلىرى ئالتۇندەك سېرىق ئىكەن. ئۇ ئىنتايىن چىرايلىق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆيى ئېيىقچاقنىڭ ئۆيىگە يېقىنلا بىر جايدا ئىكەن.



قىزچاق چىرايلىق بولغىنى بىلەن، مىجەزى ئېيىقچاقنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئۇ كەپسىزلا ئەمەس، يەنە تېخى بەك ھاكاۋۇر ئىكەن. ئۇ ئېيىقچاق بىلەن تونۇشىدىكەن، ئېيىقچاق بىرنەچچە قېتىم ئۇنى بىللە ئويناشقا، ھەتتا ئۆيىگە تەكلىپ قىلغانىكەن. لېكىن، قىزچاق ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوپاللىق بىلەن رەت قىلغانىكەن.





«ۋاي خۇدايىمەي! ئېيىقچاقنىڭ ئۆيى ئەجەبمۇ كۆرۈمسىزكىنا! مۇشۇ ئۆيگىمۇ مېنى تەكلىپ قىلغان بارمۇ! — دەپتۇ قىزچاق تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ ئۆز - ئۆزىگە، — ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئۆيدەك چىرايلىق بولمايدۇ - دە. بىراق، مەن يەنىلا ئېيىقچاقنىڭ ئۆيىنى كۆرۈپ باقاي.»

— ئېيىقچاق، مەن كەلدىم، ئىشىكنى تېز ئاچمامسەن! — دەپ توۋلاپتۇ ئۇ ئىشىكنى قېقىپ.

ئۆي ئىچىدىن بىرەر سادا ئاڭلانماپتۇ. قىزچاق: «بولدىلا، ئۆزۈم كىرىۋېرەي» دەپتۇ ۋە ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئېچىپ ئۆيگە كىرىپتۇ.

«ئوھۇ، نېمىدېگەن مەززىلىك پۇراق بۇ!» دەپ توۋلىۋېتىپتۇ قىزچاق ئۆيگە كىرىپلا.

قىزچاق پۇراق كېلىۋاتقان ئاشخانىغا كىرسە، تاماق جوزىسىدا ئىچىگە لىققىدە تورت سېلىنغان ئۈچ چىنە تۇرغۇدەك.

قىزچاق بارمىقىنى ئېيىقچاقنىڭ چىنىسىدىكى تورتقا تەگكۈزۈپ تېتىپ بېقىپتۇ. پاھ، ئەجەب تەملىك ئىكەن!

شۇنىڭ بىلەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئېيىقچاقنىڭ چىنىسى قۇرۇقدىلىپ قاپتۇ. قىزچاق يەنىلا تويغاندەك قىلماپتۇ. «يەنە بىرئاز يەپ باقاي... يەنە ئازراقلا!...»

قىزچاق قوشۇقنى ئېلىپ ئېيىق ئاتا بىلەن ئېيىق ئانىنىڭ چىنىسىدىكى تورتتىن يەپتۇ. ئۇ جوزىنى قالايمىقان قىلىۋېتىپتۇ.

تورتنى بولۇشىغا يەۋېرىپ قىزچاقنىڭ قورسىقى گۇمبەزدەك بولۇپ كېتىپتۇ.



«تورت بايىقىدەك تەملىك بېتىمايۋاتىدۇ، ئەمدى نېمە قىلسام بولار!»

ئۇ ئۇيان - بۇيانغا قاراپتۇ، بىردىنلا تام ئۇچاقنىڭ ئالدىدىكى سافا بىلەن ئىككى ئورۇندۇققا كۆزى چۈشۈپتۇ. قىزچاق سافاغا چىقىپ تاقلاپ ئويناپتۇ، تاقلىغانچە تاقلىغۇسى كەپتۇ.

«نېمىدېگەن يۇمشاق!» دەپتۇ ئۇ سافادا سوزۇلۇپ يېتىپ بېقىپ. كېيىن يەنە سەكرەپ - تاقلاپ ئويناپتۇ، بۇ ئويۇندىنمۇ زېرىكىپ، ئۆزىنى سافادىن كىچىك ئورۇندۇققا بىر تاشلىغانىكەن، ئورۇندۇقنىڭ بىر پۇتى «قارس» لا قىلىپ سۇنۇپ كېتىپتۇ، ئۆزى هاۋا تاپان بولۇپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. لېكىن، قىزچاق بۇنىڭ بىلەنمۇ كارى بولماپتۇ.

ئۇ پالاقلاپ يۈگۈرگىنىچە ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپتۇ. قارىسا، ئۆيگە ئۈچ كارىۋات قويۇقلۇق ئىكەن. كارىۋاتلارنىڭ بىرى چوڭ، بىرى چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس ئىكەن، يەنە بىرى كىچىك هەم ئوماق ئىكەن. قىزچاق كىچىك هەم ئوماق كارىۋاتقا ئۆزىنى ئېتىپتۇ.

ئۇ كارىۋاتتا بىردەم ئېغىناپ يېتىپ، كەينىدىن پۇشۇلداپ ئۇخلاپ كېتىپتۇ.



ئۈچ ئېيىق قۇندۇز بوۋاقنى كۆرۈپتۇ ۋە بىردەم ئوينىتىپتۇ، كېيىن قۇندۇز ئانا بىلەن خوشلىشىپ ئۆيگە قايتىپتۇ.

ئۇلار يول بويى پاراڭلاشقاچ مېڭىپتۇ. مەززىلىك تورت ئېيىقچاقنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەپتۇ. ئۇ ئاتا-ئانىسىنى تېزرەك مېڭىشقا ئالدىرىتىپتۇ.

ئېيىق ئاتا ئىشىكنىڭ هاڭغىرقاي ئوچۇقلۇقىنى يىراقتىنلا كۆرۈۋاپتۇ.

— ئاپلا! بىركىم ئۆيىمىزگە كىرىپتۇ! تېز مېڭىڭلار...

ئېيىق ئاتا تۇۋلاپتۇ. ئۇچەيلەن ئۆيگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

قورسىقى ئېچىپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى بىرەر ئىشنى ئالدىن سەزگەنلىكتىنمۇ، ئېيىق ئاتا ئۇدۇل ئاشخانىغا ئېتىلىپ كىرىپتۇ.

— بىر چاتاق چىققانلىقىنى بىلگەنىدىم! قاراڭلار، تورتىمىزنى يەپ كېتىپتۇ! — دەپتۇ ئېيىق ئاتا قاتتىق ئاچچىقلاپ.

— مېنىڭ سافايىمنى دەسسەپ مەينەت قىلىۋېتىپتۇ! — دەپ قاقشاپ كېتىپتۇ ئېيىق ئانا.

— ھە؟! مېنىڭ ئورۇندۇقۇمنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇغۇ! — دەپتۇ ئېيىقچاق يىغلامسىراپ.

بۇ چاغدا قىزچاق ناھايىتى قىزىق چۈش كۆرۈۋاتقانىكەن. ئۇ چۈشىنىڭ قىزىقلىقىدىن ئۆزىنى باسالماي كۈلۈپ كېتىپتۇ.

كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئېيىقچاق ھاپىلا ـ شاپىلا ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپتۇ. ئارقىدىن ئېيىق ئاتا بىلەن ئېيىق ئانا چىقىپتۇ.

ئۇلار ھەيران بولغان ھالدا بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئېيىقچاقنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىغا كېلىپ قارىسا، چىرايلىق بىر قىزچاق كۈلۈمسىرىگەن ھالدا قاتتىق ئۇخلاۋاتقۇدەك.

— بۇ ھېلىقى قىزغۇ؟ — دەپتۇ ئېيىقچاق ھەيران بولۇپ، — ئۆيگە شۇنچە تەكلىپ قىلسام كەلگىلى ئۇنىمايۋاتاتتى، ئەمدى كېلىپ قىلچە تارتىنماي ئۇخلاپ كېتىپتىغۇ!

— ھە، ھېلىقى يىراق قوشنىمىزنىڭ قىزى ئىكەن! — دەپتۇ ئېيىق ئانا ئاۋازىنى پەس چىقىرىپ.





— شۇ قىزچاق ئىكەن، — دەپتۇ ئېيىق ئاتىمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ. ئېيىقچاق قىزچاقنىڭ تاپىنىغا ئاستا تۇرتۇپتۇ. ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى تەستە ئاچقان قىزچاق تۇيۇقسىز كۆز ئالدىدا تۇرغان ئۈچ يۇڭلۇق چىرايىنى كۆرۈپتۇ - دە، كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، پەلەمپەيگە قاراپ ئېتىلىپتۇ.

— ھەي قىزچاق، قاچماڭ، — دەپ ۋارقىراپتۇ ئېيىق ئانا، — مەن پىشۇرغان تورت ئاغزىڭىزغا تېتىغانلا بولسا، ئىنتايىن خۇشال بولىمەن.



— ئۆيۈمگە كەلگىنىڭگە خۇشالمەن، — دەپتۇ ئېيىقچاق.

— مەنمۇ خۇشال، — دەپتۇ ئېيىق ئاتا.

شۇنىڭدىن كېيىن، كەپسىز قىزچاق ئەدەپلىك قىزچاق بولۇپ قاپتۇ. بەڭۋاش ئېيىقچاقمۇ بارغانچە قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇشقا باشلاپتۇ.

قىزچاق بىلەن ئېيىقچاق ياخشى دوست بولۇپ قاپتۇ. ئۇ پات - پات ئېيىقچاقنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ بىللە ئوينايدىغان، يەنە تېخى ئېيىق ئانا پىشۇرغان تورتقا ئېغىز تېگىدىغان بوپتۇ.

# ياۋا توشقان بىلەن پىلچاق

فرانسىيە مەسىلى (ئەسلى ئەسەر: راففېندىننىڭ)

بۆرۈنسىدا، ئورمانلىقتا بىر كىچىك پىل بىلەن بىر ياۋا توشقان ياشاپتىكەن. بوي ـ تۇرقىغا قارىسىڭىز، بىرى شۇنچە يوغان، شۇنچە ئېگىز، يەنە بىرى شۇنچە جۈۋەك ئىكەنۇ، ئىككىسى ھەممەيلەننىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك يېقىن دوست ئىكەن.

بىر كۈنى ياۋا توشقان بانان يەۋاتقان پىلچاقتىن ئۈشتۈمتۈت سوراپ قاپتۇ:

— دەپباقە، ئىككىمىزدىن قايسىمىزنىڭ بويى ئېگىز؟

بۇ غەلىتە سوئالنى ئاڭلىغان پىلچاق كۈلگۈسى كەلگەنلىكتىن قاقىلىپ كېتىپ، گېلىغا بانان تۇرۇپ قالغىلى تاس قاپتۇ. لېكىن، ياۋا توشقان بۇنى كۆرمىگەندەك قىياپەتتە تەمكىنلىك بىلەن:

— سوئالىمغا كۈلگۈڭ كېلىۋاتىدۇ ـ ھە؟ كۈلمە، دوستۇم، كېسىپ ئېيتالايمەنكى، مەن سېنىڭدىن ئېگىز، سېنىڭدىن يوغان. ئىشەنمىسەڭ، بىرەر ئادەمنى تېپىپ سوراپ باقايلى، — دەپتۇ.

— بولدى قىلساڭ بولارمىكىن، — دەپتۇ پىلچاق كۈلۈپ، — بىكار كۆڭلۈڭ يېرىم بولۇپ قالمىسۇن.

— نېمىشقا يېرىم بولۇپ قالغۇدەك؟ يۈر، باشقىلارنىڭ بۇنىڭغا نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقايلى!

ئىككىسى ئورمانلىقتىن چىقىپتۇ.





ياۋا توشقان يول بويى يۈگۈرۈپ پىلچاق بىلەن بىر كەنتكە يېتىپ كەلگەندە، بىرنەچچە دېھقان يول بويىدا پاراڭلىشىپ تۇرغانىكەن.

— ئاغىنىلەر، قاراڭلار ئاۋۇ پىلچاققا! نېمىدېگەن كىچىك، نېمىدېگەن ئوماق ـ ھە!

— ئوھو، نېمىدېگەن يوغان توشقان ـ ھە! — دەپتۇ بىر كىشى تۇيۇقسىز ياۋا توشقاننى كۆرۈپ قېلىپ، — قاراڭلار ئۇنىڭ پۇتلىرىغا! ئاۋۇ بىر جۈپ قۇلىقىچۇ تېخى! بۇ مەن كۆرگەن توشقانلارنىڭ ئەڭ چوڭى ئىكەن!

ياۋا توشقان قايرىلىپ پىلچاققا قاراپ:

— دوستۇم، بىز ئورمانلىققا قايتىپ كېتەيلى. كۆرۈپ تۇرۇپسەن، مەسىلە ھەل بولۇپ بولدى، مەن ئېگىز ھەم يوغان ئىكەنمەن، سەن كىچىك ئىكەنسەن!

پىلچاق گەپ قىلالماي قاپتۇ، لېكىن ئۇ ياۋا توشقاننىڭ ھىيلە ئىشلىتىپ ئۆزىنى يېڭىۋالغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ.

قايتىش يولىدا، پىلچاق ياۋا توشقانغا دەپتۇ:

— بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭدىن يىراقراق يۈر! مېنىڭدەك كىچىك پىل سېنىڭدەك يوغان توشقاننى دەسسەپ مىجىقىنى چىقىرىۋەتمىسۇن يەنە!



# باشمالتاق قىز

دانىيە چۆچەكى (ئەسلىي ئەسەر: ئاندېرسوننىڭ)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر ئايال ئۆتكەنىكەن. ئۇ كىچىككىنە بىر قىزىم بولسىكەن دەپ بەك ئارزۇ قىلىدىكەن، بىراق ئۇ بۇ ئارزۇسىغا زادىلا يېتەلمەپتۇ.

ئۇ بىر پەرىدىن ئەقىل سورىغانىكەن، پەرى:

— بۇ ناھايىتى ئاسان ئىش! ماۋۇ ئارپا دېنىنى ئېلىپ كېتىپ تەشتەككە تېرىپ قويۇڭ. بۇ دېھقانلار ئېتىزلىقتا تېرىيدىغان ئارپىلاردىن ئەمەس، ئۇنى تېرىسىڭىز، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئارزۇ قىلغان نەرسىڭىزگە ئېرىشەلەيسىز، — دەپتۇ.

ئايال ئۇرۇقنى تەشتەككە تېرىپ قويۇپتۇ. ئەتىسى بىر تال چىرايلىق قىزىل گۈل ئۈنۈپ چىقىپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى غۇجمەك بولۇۋالغان بولۇپ، غۇنچىدەكلا تۇرىدىكەن.

— نېمىدېگەن چىرايلىق گۈل بۇ، — دەپتۇ ئايال ۋە گۈلنىڭ قىزىل ئارىلاش چىرايلىق سېرىق بەرگىگە سۆيۈپتۇ. شۇ ھامان گۈل تىرىسلداپ ئېچىلىپتۇ. گۈلنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى يېشىل ئانىلىقىدا ئاق پىشماق، ئاجايىپ چىرايلىق كىچىككىنە قىزچاق ئولتۇرغۇدەك. ئايال ئارزۇسىغا يەتكەنلىكىدىن چەكسىز خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.

قىزچاقنىڭ جۇغى باشمالتاقچىلىكمۇ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى باشمالتاق قىز، دەپ ئاتىشىپتۇ.



باشمالتاق قىزنىڭ بۆشۈكى ياڭاق شاكىلى، كۆرپىسى ھاۋارەڭ گۈلنەپشىنىڭ بەرگى، يوتقىنى ئەترگۈلنىڭ بەرگى ئىكەن. كۈندۈزى ئۇ جوزا ئۈستىدە ئوينايدىكەن، ئايال جوزا ئۈستىگە بىر تەخسە، تەخسىگە بىر گۈل چەمبىرەك قويۇپ قويغانىكەن. گۈلنىڭ غولى سۇغا چىلاقلىق تۇرىدىكەن. باشمالتاق قىز گۈل بەرگىدە ئولتۇرۇپ، بوز ئاتنىڭ ئىككى تال قىلىنى پالاق قىلىپ، تەخسىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ئەركىن ئۈزۈپ ئوينايدىكەن.



بۇ بەك چىرايلىق كۆرۈنىدىكەن! قىز ناخشىمۇ ئېيتالايدىكەن، ئېيتقان-
دىمۇ شۇنداق مۇڭلۇق، يېقىملىق ئېيتىدىكەن.

بىر كېچىسى يوغان بىر چارپاقا دېرىزىنىڭ سۇنۇق كۆزنىكىدىن ئۆيگە
سەكرەپ چۈشۈپتۇ. ئۇ ياڭاق شاكىلىدا ياتقان باشمالتاق قىزنى كۆرۈپ:
«پاھ ـ پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل قىز بۇ! ئۇنى ئوغلۇمغا ئېلىپ بەرسەم
بولغۇدەك» دەپتۇ.

چارپاقا ياڭاق شاكىلىنى ئاۋايلاپ يۈدىگەن پېتى دېرىزىدىن سەكرەپ
چۈشۈپتۇ ـ دە، باغقا كىرىپ كېتىپتۇ.

باغدىكى بىر ئېرىقتا
سۇ ئاقىدىكەن، ئەمما ئېرىق-
نىڭ ئىككى قىرغىقى پەس
ۋە زەي ئىكەن. چارپاقا مۇ-
شۇ يەردە تۇرىدىكەن. ئوغ-
لىمۇ ئانىسىغا ئوخشاشلا
سەت، كۆرۈمسىز ئىكەن.
ئۇ ياڭاقنىڭ شاكىلىدا ئۇخ-
لاۋاتقان ئاي جامال قىزچاق-
نى كۆرگەندە، خۇشال بو-
لۇپ كۇرۇلداپ كېتىپتۇ.

— ئاۋازىڭنى پەس قىل،
ئويغىتىۋېتىسەن بىكار! —
دەپتۇ قېرى چارپاقا.





ئانا چارپاقا باشمالتاق قىزنى سۇ لەيلىسى ئۈستىگە قويۇپتۇ. بۇنداق بولغاندا باشمالتاق قىز قېچىپ كېتەلمەيدىكەن. ئاندىن كېيىن، ئۇ ئوغلى بىلەن يېڭى ئۆي سالغىلى كېتىپتۇ.



بۇ بىچارە قىزچاق تاڭ سەھەردىلا ئويغىنىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يوپۇرماق ئۈستىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئىختىيارسىز يىغلىۋېتىپتۇ. بۇ كەڭ يېشىل يوپۇرماقنىڭ ئەتراپى سۇ بولغاچقا، قۇرۇقلۇققا چىقىۋېلىشقا ھېچ ئامال يوق ئىكەن.





بۇ چاغدا بىر كېپىنەك ئۇچۇپ كەپتۇ. ئۇ باشمالتاق قىزنىڭ كەچۈرمىشىنى ئاڭلا- ئاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى بوپتۇ. كېپىنەك بىلىجانلاردىن يوپۇرماقنىڭ غولىنى چىشلەپ ئۈزۈپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ، ئاندىن ئۆزى باشمالتاق قىزنىڭ بەلۋېغىدىن تارتقىنىچە ئۇچۇپ كېتىۋېرىپتۇ.

لېكىن، ئۇلار كېتىۋاتقاندا، بىر تورغاي كېپىنەكنى بىرلا چىشلەپ يۇتۇۋېتىپتۇ. باشمالتاق قىز چۆپلۈككە قاتتىق يىقىلىپ چۈشۈپ ھوشىدىن كېتىپتۇ.

بىر مايقوڭغۇز ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئەپكېتىپتۇ. لېكىن، مايقوڭغۇزلار باشمالتاق قىزنى كۆرۈپ، بىرى:



«ئارانلا ئىككى پۇتى بار ئىكەن» دېسە،
يەنە بىرى «بۇرۇتى يوق ئىكەن، بىزگە
پەقەت ئوخشىمايدىكەن» دەپ، ھېلىقى
مايقوڭغۇزنىڭ رايىنى قايتۇرۇپتۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن مايقوڭغۇز ئۇنى دەرەخ ئۈس-
تىدىن بىر گۈلنىڭ ئۈستىگە ئەكىلىپ
قويۇپتۇ.

بىچارە باشمالتاق قىز يازىچە ئور-
مانلىقتا يالغۇز ياشاپتۇ. ئۇ قورسىقى
ئاچسا، گۈل شىرنىلىرىنى ئوزۇق قىپ-
تۇ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە يوپۇرماقلارغا
چۈشكەن شەبنەمنى ئىچىپتۇ، قىش كەل-
گەندە ئاچلىق ۋە سوغۇقتا چىداقا مەج-
بۇر بوپتۇ.

بىر كۈنى باشمالتاق قىز بىر ئاق
كۆكۈل ئۆمۈچۈككە يولۇقۇپ قاپتۇ.

ئۆمۈچۈك باشمالتاق قىزنى ئۆيىگە
باشلاپ كەپتۇ. لېكىن، ئۆمۈچۈكنىڭ
دوستلىرىمۇ باشمالتاق قىزنى بىزگە زا-
دىلا ئوخشىمايدىكەن، دەپتۇ.

باشمالتاق قىز يەنە دالىداسەرگەر-
دان بولۇپ ياشاشقا باشلاپتۇ. بىر
كۈنى ئۇ شاخ ـ شۇمبا، يوپۇرماق-
لاردىن ياسالغان بىر كەپىنى كۆ-
رۈپ قاپتۇ، كەپىنىڭ ئىشىكىنى
چەككىنىكەن، ياشىنىپ قالغان بىر
دالا چاشقىنى چىقىپتۇ.

— بىچارە بالا، — دەپتۇ دالا
چاشقىنى ئىچ ئاغرىتىپ، — ئۆيگە
كىر، قىشنى مېنىڭ بىلەن بىللە
ئۆتكۈزسەڭ مەيلى. بىراق، ئۆيۈم-
نى كۈندە پىسىقتۇرسەن، ماڭا
ھېكايە ئېيتىپ بېرىسەن. مەن ھې-
كايە ئاڭلاشقا بەك ئامراق.

باشمالتاق قىز دالا چاشقىنىنىڭ
ئۆيىدە كۆڭۈللۈك ياشاپتۇ.





بىر كۈنى دالا چاشقىنى باشمالتاق قىزغا بىر دوستىنىڭ ئۇنى كۆرگىلى كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ئۇ باي، بىلىملىك، ئۇنىڭ بىلمەيدىغىنى يوق. بىراق، ئۇ ئاپتاپنى، چىرايلىق گۈللەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇلارغا ئۆچ، چۈنكى ئۇلارنى كۆرۈپ باققان ئەمەس. بۇلارنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قالما. ئۇ دېگەن ئىنتايىن باي قارىغۇ چاشقان. ئۇنىڭ ئۆيى مېنىڭكىدىن ئازادە، ئەگەر ئۇ سېنى خوتۇنلۇققا ئېلىشنى خالىسا، سەن كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكتىن بىر ئۆمۈر غەم قىلمايدىغان بولىسەن. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزى كۆرمەيدۇ، سەن ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ بىلىدىغان ئەڭ ياخشى ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بەرمىسەڭ بولمايدۇ.

باشمالتاق قىز بۇ گەپكە قىزىقماپتۇ، بىراق قارىغۇ چاشقان كەلگەندە، يەنىلا ئۇنىڭغا يېقىملىق ناخشىلارنى، قىزىق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلىغان قارىغۇ چاشقان ئۇنى قاتتىق ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ.

قارىغۇ چاشقان ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، بىر ئۇزۇن لەخمە كولاشقا باشلاپتۇ. ئۇ لەخمىنى دالا چاشقىنىنىڭ ئۆيىنىڭ ئاستىغا تۇتاشتۇرۇپتۇ، ئاندىن كېيىن دالا چاشقىنى بىلەن باشمالتاق قىزنى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ.

ئاغزىغا تۇتۇرۇق چىشلىۋالغان قارىغۇ چاشقان ئۇزۇن ھەم قاراڭغۇ لەخمىنى يورۇتۇپ ئالدىدا يول باشلاپ مېڭىپتۇ. تۇيۇقسىز باشمالتاق قىز ئۆلەي دەپ قالغان بىر قارلىغاچنىڭ يەردە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ.



— مەن ئۇنى يېقىندا سىرتتا كۆرۈپ قالغانىدىم، — دەپتۇ قا. رىغۇ چاشقان قارلىغاچنى تېپىپ قويۇپ، — ئەمدى ئۇ ھەرگىز ئۇچالمايدۇ.

باشمالتاق قىز قاتتىق چۆ. چۈپ كېتىپتۇ ۋە رەھىمسىز قا. رىغۇ چاشقاننى تېخىمۇ ياقتۇر. مايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئۇلار ئىككىسى قارلىغاچقا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغان چاغدا، باشمالتاق قىز ئېڭىشىپ قارلى. غاچنىڭ بېشىدىكى تۈكنى مېھىر بىلەن سىلاپتۇ ۋە ئۇنىڭ يۇمۇق كۆزىگە سۆيۈپ قويۇپتۇ.

«پۈتۈن ياز بويى ماڭا يېقىملىق ناخشىلارنى ئېيتىپ بەرگەن قارلىغاچ بەلكىم مۇشۇدۇ؟ — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، — قارلىغىچىم، مەن سېنى يوقلاپ تۇرىمەن!»

دەرۋەقە باشمالتاق قىز پات - پات كېلىپ قارلىغاچنى يوقلاپ تۇرۇپتۇ؛ ئۇنىڭغا دان بېرىپتۇ، كۆڭۈل قويۇپ ئۇنىڭدىن خەۋەر ئاپتۇ.

باھار كەپتۇ، قارلىغاچنىڭ يارىسىمۇ ساقىيىپتۇ. بىر كۈنى قارلىغاچ باشمالتاق قىزنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ، قانات قېقىپ ئۇچۇپتۇ. ئۇچا - ئۇچا، ئۇلار ھۆپپىدە گۈللەر ئېچى. لىپ كەتكەن بىر ئەلگە كېلىپ قاپتۇ.

قارلىغاچ باشمالتاق قىزنى ئېچىلىپ تۇرغان بىر گۈلنىڭ ئۈستىگە قويۇپتۇ.



گۈل بەرگىدە باشمالتاق قىز ئۇ-
زىگە ئوخشاش كىچىككىنە بىر يى-
گىتنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ ئۇر چىچسپ
تۇرغان بىر جۈپ قانىتىمۇ بار ئىكەن.
ئۇ بۇ گۈللەر دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئى-
كەن.

پادىشاھ باشمالتاق قىزدەك چىراي-
لىق قىزنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان-
كەن. شۇڭا، ئۇ بېشىدىكى ئالتۇن
تاجنى ئېلىپ باشمالتاق قىزنىڭ بېشى-
غا كىيگۈزۈپ قويۇپتۇ، ئاندىن ئۇ-
نىڭ ئىسمىنى، ئۆزىگە خوتۇن بو-
لۇشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلى-
قىنى سوراپتۇ. باشمالتاق قىزمۇ خۇ-
شاللىق بىلەن ماقۇل بوپتۇ. ئۇ گۈللەر
دۆلىتىنىڭ خانىشى بولغاندىن كېيىن،
ئۇنىڭغىمۇ بىر جۈپ چىرايلىق، ئاپ-
ئاق قانات ئۆسۈپ چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ گۈللەر ئارىسى-
دا ئەركىن ئۇچۇپ يۈرەلەيدىغان بوپتۇ.



— خەير - خوش، بەختلىك بولۇڭلار!

قارلىغاچ شۇنداق دەپتۇ - دە، خۇشال پەرۋاز قىلىپ يىراق-
يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، باشمالتاق قىز گۈللەر دۆلىتىدە بەختلىك
تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.







# بېلىقچى بىلەن ئالتۇن بېلىق

گېرمانىيە چۆچىكى (ئەسلى ئەسەر: گرىمنىڭ)

بۇرۇنقى زاماندا بىر بېلىقچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ خوتۇنى بىلەن دېڭىز بويىدىكى ۋەيرانە بىر كەپىدە ياشايدىكەن. بېلىقچى ھەر كۈنى بېلىق تۇتۇپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن.

بېلىقچى بەزىدە قارماقنى سېلىپ قويۇپ، سۈزۈك سۇغا تىكىلىپ ئولتۇرىدىكەن، ئولتۇرغاندىمۇ تازا ئۇزاق ئولتۇرىدىكەن.

بىر كۈنى بېلىقچى دېڭىز بويىغا كېلىپ ئەمدىلا قارماق تاشلىشىغا، قارماق سۇ تەكتىگە چۆكۈپتۇ، بېلىقچى قارماقنى بىر تارتقانىكەن، ئالتۇندەك نۇر چېچىۋاتقان بىر نەرسە كۆرۈنۈپتۇ. ئەسلىدە بۇ ئىنتايىن ئۆزگىچە بىر ئالتۇن بېلىق ئىكەن.

ئالتۇن بېلىق بىردىنلا زۇۋانغا كېلىپ:

— ئەي ئاق كۆڭۈل بوۋا، ماڭا رەھىم قىلىڭ، مەن ئالتۇن بېلىق ئەمەس، سېھىر قىلىنغان شاھزادىمەن. مېنى قويۇۋەتسىڭىز، سىزنىڭ ھەرقانداق تەلىپىڭىزنى ئورۇنداپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

بېلىقچى قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ، بىراق ئالتۇن بېلىقنىڭ يالۋۇرۇش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىنى كۆرۈپ، قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇنى دېڭىزغا قويۇپ بېرىپتۇ.

بېلىقچى ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئايالى:



— ھەي، بۈگۈن ھېچنېمە تۇتالمىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تۇتالمىدىم، بىر ئالتۇن بېلىقنى تۇتۇۋالغانىدىم، ئۇ ئۆزىنى سېھىر قىلىنغان شاھزادە، دېدى، قويۇۋەتتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بېلىقچى.

— ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە سوراپ باقمىدىڭمۇ؟

— ياق، ئۇنىڭدىن نېمىمۇ سوراي!

— ھەي ئەخمەق، — دەپ تىللاپتۇ ئايالى، — دەرھال دېڭىز بويىغا بار. ئۇنى كۆرگەندە، ئۇنىڭدىن يېڭى تەگلە تەلەپ قىل. قارىغىنا، بىزنىڭ بۇ ئەبجەق تەگلىمىزگە! — دەپتۇ.

بېلىقچى ئىلاجسىز دېڭىز بويىغا بېرىپ، ئالتۇن بېلىقنى چاقىرىپ باقماقچى بوپتۇ. ئۇ بىر توۋلىغانىكەن، شۇ ھامان ئالتۇن بېلىق سۇ يۈزىگە چىقىپتۇ.

بېلىقچى ئايالىنىڭ دېگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— قايتىپ كېتىۋەرگىن، بېلىقچى بوۋا، ئايالىڭنىڭ يېڭى تەگلىسى بار بولىدۇ، — دەپتۇ ئالتۇن بېلىق.

بېلىقچى ئالدىراپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. دەرۋەقە، ئۆيدە يېپيېڭى بىر تەگلە تۇرغۇدەك. لېكىن، ئايالى يەنە جاۋىلداشقا باشلاپتۇ:



— كونا تەڭلە يېڭىلاندى! سورا دېسە، ئاران شۇنىلا سورىدىڭمۇ؟ بۇ ئەسكى كەپىدە ئولتۇرىۋېرىمسىزمۇ؟ ئالتۇن بېلىققا دە، بىزگە يېڭى ئۆي سوۋغا قىلسۇن!

كۆڭلى غەش بولغان بېلىقچى بوۋاينىڭ زادى بارغۇسى كەلمەپتۇ. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «ئۇنداق قىلساق ياخشى بولماس» دەپتۇيۇ، ئاخىر يەنە بېرىپتۇ.

بېلىقچى دېڭىز بويىغا بېرىپ قارىسا، دېڭىز سۈيى سۈزۈك ئەمەس، بەلكى دەم يېشىل رەڭگە، دەم سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىپ تۇرغانىكەن. بېلىقچى بوۋاي ئالتۇن بېلىقنىڭ بۇ قېتىم پەيدا بولۇشىغا ئىشەنچ قىلالماپتۇ.



— ئالتۇن بېلىق، ھەي ئالتۇن بېلىق! — ئۇ دېڭىزغا قاراپ توۋلاپتۇ.

ئالتۇن بېلىق خېلى ئۇزاقتىن كېيىن سۇ يۈزىگە چىقىپتۇ.

— ھەي، نېمە دېسەم بولار، خوتۇنۇم... ئۇ بىزگە بىر چوڭ ئۆي كېرەك، دەيدۇ!

— بوپتۇ، ئايالىڭىزنىڭ دېگىنىچە بولسۇن! سىز خاتىرجەم قايتىپ كېتىۋېرىڭ، بوۋا، شۇ تاپتا ئايالىڭىز سىزنى يېڭى ئۆينىڭ ئالدىدا كۈتۈپ تۇرماقتا.



ئۇ قايتىپ كېلىپ يېڭى ئۆيـ
نى كۆرۈپتۇ، ئەمما ئايالى ئېتىـ
لىپ كەلگىنىچە چالۋاقاپلا كېـ
تىپتۇ:
— قارا! بۇ ئالتۇن بېلىقنىڭ
كارامىتى شۇنچە قالتىس ئىكەن.
ئۇ بىزگە يېڭى ئۆي بېرەلىگەنىـ
كەن، چوقۇم قەسىرمۇ بېرەلەيـ
دۇ. دەرھال قايتىپ بېرىپ ئۇـ
نىڭدىن بىر قەسىر تەلەپ قىل،
يەنە ئېسىل كىيىملەرنى، ئالـ
تۇن- كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋاـ
يىتلارنى تەلەپ قىل!
بېلىقچىنىڭ بېشى قېتىپتۇ،
ئەمما ئۇ خوتۇنىدىن قورقىدىكەن. شۇڭا، ئۇ يەنە كۆڭلى
تارتمىغان ھالدا دېڭىز بويىغا قاراپ مېڭىپتۇ.
بېلىقچى دېڭىز بويىغا كېلىپ قارىسا، دېڭىز سۈيى زەڭگەر رەڭلىك
بولماي، بىردەم سۆسۈن رەڭگە ئۆزگەرسە، بىردەم كۆك رەڭگە ئۆزگىرىپ،
بىردەم كۆل رەڭگە ئۆزگەرسە، يەنە بىردەم قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ تۇرغاـ
نىكەن.
ئۇ قاتتىق پەرىشان ھالدا ئالتۇن بېلىقنى چاقىرىپتۇ. خېلى ۋاقىت ئۆتـ
كەندىن كېيىن، ئالتۇن بېلىق دولقۇنلار ئۈستىدە پەيدا بوپتۇ.
— خوتۇنۇمدا يېڭى بىر خىيال پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايلىق
بىر قەسىرگە ئېرىشكۈـ
سى بار ئىكەن.



ئالتۇن بېلىق يەنە بىر
قېتىم بېلىقچىنىڭ ئىلتىـ
ماسىنى قاندۇرۇپتۇ، بىـ
راق بۇ قېتىم ئىلگىرىكىدـ
ەك قىزغىن بولماپتۇ.
ئايالىنىڭ دېگەنلىرىـ
نىڭ يەنە ئەمەلگە ئاشقانـ
لىقىنى كۆرگەن بېلىقچى
ئەمدىغۇ بولغاندۇ، دەپ
ئويلاپ يېنىك نەپەس ئاپـ
تۇ.



ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۆيى ھەشەمەتلىك قەسىرگە ئايلىنىپتۇ. بۇ قەسىر ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن! نۇرغۇن چاكارلار قەسىر ئىچىدە پايپاسلاپ يۈرگۈدەك. ھەممە ئۆيلەرگە گىلەملەر سېلىنغان، ئۈستەللەرگە ئەڭ ئېسىل تائاملار، نازۇنېمەتلەر قويۇلغانىكەن. ھويلىدا ئېسىل مەپىلەر تىزىلىپ تۇرغۇدەك.

بېلىقچى بوۋاي قەسىر دەرۋازىسىدىن كىرىشىگە، ئېسىلزادە خېنىملاردەك ياسىنىپ، زىبۇزىننەتلەرنى تاقىۋالغان ئايالى بىتاقەت بولغان ھالدا بېلىقچىنى ساقلاپ تۇرۇپتۇدەك.

— بېرىپ ئالتۇن بېلىققا ئېيت، ئۇ مېنى ئايال پادىشاھقا ئايلاندۇرسۇن!

بېلىقچى زادىلا خالىمىغان ھالدا دېڭىز بويىغا بېرىپتۇ. بۇ چاغدا قاتتىق بوران چىقىپ، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپتۇ.

بوران ئۆي - ئىمارەت، دەل - دەرەخلەرنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ، تاغلار لەرزىگە كەپتۇ، قىيا تاشلار دېڭىزغا غۇلاشقا باشلاپتۇ، قاپقاراڭغۇ ئاسماندا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، ۋال - ۋۇل قىلىپ چاقماق چېقىپتۇ. دېڭىزدا ئېگىز تاغلاردەك دەھشەتلىك دولقۇنلار كۆتۈرۈلۈپتۇ.

بېلىقچى قىيا تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ پەس ئاۋازدا ئالتۇن بېلىقنى چاقىرىپتۇ. ئالتۇن بېلىق سۇ يۈزىگە چىقىپتۇ، ئۇ بېلىقچىنىڭ تەلىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىردەم ئۈن - تىنسىز تۇرۇپ كېتىپتۇ، ئاندىن ھېچنېمە دېمەي دولقۇنلار ئارىسىدا غايىب بوپتۇ.

بېلىقچى ئۆيىگە قايتىپ كەلسە، ھېلىقى قەسىر غايىب بولغان ئىمىش. ھەممە نەرسە ئەسلىي ھالىتىگە قايتىپتۇدەك. خوتۇنى ھېلىقى ۋەيرانە كەپىدە، يىرىق تەڭلىنىڭ ئالدىدا يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك.

— بىز شۈكۈر - قانائەت قىلىشنى بىلىشىمىز كېرەك ئىدى!

بېلىقچى ئاچچىقلانغان ھالدا غودۇڭشۇپتۇ. ئۇلار يەنە بۇرۇنقى تۇرمۇشىغا قايتىپتۇ.

ئەتىسىدىن باشلاپ، بېلىقچى بوۋاي يەنە بۇرۇنقىغا ئوخشاش ھەر كۈنى بېلىق تۇتقىلى بارىدىغان بوپتۇ، ئەمما ھېلىقى ئالتۇن بېلىقنى قايتا كۆرەلمەپتۇ.



# ياغاچ قونچاقنىڭ سەرگۈزەشتلىرى

### ئىتالىيە چۆچىكى (ئەسلى ئەسەر: كوللودىنىڭ)

بۇرۇن بىر قېرى ياغاچچى ئۆتكەنىكەن. بىر قىش كۈنى، ئۇ بىر تال ياغاچتىن جوزا پۇتى ياسىماقچى بوپتۇ. ئۇ ياغاچنى يونىماقچى بولۇپ پالتا بىلەن بىرنى چاپقانىكەن، «ۋايجان، نېمە قىلىۋاتىسەنۇي؟ نېمىشقا مېنى بىكاردىن ـ بىكار ئۇرىسەن؟!» دېگەن چىرقىراق ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ياغاچچى قاتتىق قورقۇپ كەتكىنىدىن قولىدىكى ياغاچنى بىر چەتكە ئېتىۋېتىپتۇ.

— هوي قېرى، مېنى نېمىشقا ئاتىسەن؟ مەن ساڭا نېمە يامانلىق قىلدىم؟

بۇ ۋارقىراشتىن ياغاچچىنىڭ هوشى تېخىمۇ چىقىپ كېتىپتۇ.

ياغاچچى بۇ ياغاچتىن قۇتۇلۇشنىڭ غېمىگە چۈشۈپتۇ. دەل شۇ چاغدا، ئۇنىڭ گايپىتو دېگەن موزدۇز ئاغىنىسى كىرىپ قاپتۇ.

تىكەندەك يالغۇز ياشاۋاتقان گايپىتو بىر ياغاچ قونچاق ياساپ ئۆزىگە هەمراھ قىلىۋالغۇسى بار ئىكەن. شۇڭا، ئۇ ياغاچچى بەرگەن ياغاچنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

گايپىتو ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، ياغاچنى پىچاق بىلەن ئويۇپ، ئۇنىڭدىن قونچاق ياساشقا كىرىشىپتۇ.

«ئۇنىڭغا پىنوككىنو دەپ ئىسىم قوياي، بۇ ئىسىم ماڭا ئامەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ.





تازا تاراشلاۋاتقاندا، تۇيۇقسىز چىرقىراق بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

— ۋايجان! ئەجەبمۇ ئاغرىتسۇەتتىڭ!

گايپىتو بۇ ياغاچنىڭ جېنى بارلىقىنى بىلىپ خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ قونچاقنىڭ بېشىنى، چېچىنى ۋە بىر جۈپ كۆزىنى ئويۇپ چىقىرىپتۇ. ياغاچ قونچاقنىڭ بىر جۈپ كۆزى «لاپپىدە» ئېچىلىپ گايپىتوغا تىكىلىپتۇ.

— ھە، ماڭا نېمانچە قارايسەن؟ — دەپتۇ گايپىتو مېھرىبانلىق بىلەن.

لېكىن، قونچاق ئۈنچىقماپتۇ. تېخى ئاغزى بولمىغاندىكىن، جاۋاب بېرەلمەيدۇ - دە!

گايپىتو ئەمدى قونچاقنىڭ بۇرنىنى ياساپتۇ. ئەمما، بۇرۇن بىردىنلا ئۇزارغىلى باشلاپ، بەكلا ئۇزىراپ كېتىپتۇ!

— نېمانچە سەت بۇرۇن! — دەپتۇ گايپىتو قونچاقنىڭ بۇرنىنى كېسىۋەتمەكچى بولۇپ. لېكىن، بۇرۇن ئۆزىنى تۇتقۇزماي، ئاخىرى ئۇزۇن، ئۇچلۇق پېتى قېلىۋېرىپتۇ.

ئاغزى پۈتۈشى بىلەن، ياغاچ قونچاق «پىخ - پىخ» كۈلۈشكە باشلاپتۇ، ئارقىدىنلا ئىنچىكە، قىپقىزىل تىلىنى شەيتانلىق بىلەن چىقىرىپ گايپىتونى زاڭلىق قىپتۇ.

گايپىتو بۇنىڭ بىلەن كارى بولماي قونچاقنىڭ ئېڭىكى، بوينى، مۈرىسىنى، قولى ۋە پۇتلىرىنى ياساپتۇ. گايپىتو ئاخىرقى بارماقنى يونۇپ تۈگىتە - تۈگەتمەيلا، قونچاق سوزدۇزنىڭ يالغان چېچىنى تارتىشقا، ئۇنى تېپىشكە باشلاپتۇ.

ئاغرىققا چىدىمىغان گايپىتو ياغاچ قونچاققا كايىپ كېتىپتۇ:

— كەپسىزلىكىڭنى قارا سېنىڭ! مەن تېخى سېنى ياساپ بولغىنىم يوقتۇ؟ بولدى، بولدى، شوخلۇق قىلما دەيمەن!



ئاندىن كېيىن، گايپىتو مېڭىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۇنى يەرگە قويۇپتۇ. پىنوككىنو سەنتۈرۈلۈپ - سەنتۈرۈلۈپ بىر قەدەم ئاپتۇ، كەينىدىن يەنە بىر قەدەم ئاپتۇ، كېيىن ئۆينىڭ ئىچىدە قالايمىقان يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ. بىر چاغدا، ئۇ «تاق - تاق» قىلىپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ يول ئېلىپ بوسۇغىدىن ئاتلاپتۇ - دە، كوچىغا ئېتىلىپ چىقىپتۇ.



— ئۇنى تۇتۇۋېلىڭلار! ھەي، قايت كەينىڭگە! — مۇزدۇز گايپېتو تۇۋلىغىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپتۇ.

ئۆتكەن - كەچكەنلەر يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان پىنوككىنونى قوللىرى بىلەن كۆرسىتىپ كۈلۈشۈپتۇ. تۆت كوچا ئېغىزىدا تۇرغان شاپ بۇرۇتلۇق بىر ساقچى پىنوككىنونى كۆرۈپ، پۇتلىرىنى كەڭ كېرىپ توسۇۋاپتۇ. پىنوككىنو پۇتلىرىنىڭ ئارىلىقىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغاندا، ساقچى ئۇنىڭ بۇرنىدىن تۇتۇۋاپتۇ.

گايپېتو ئاچچىقىدا پىنوككىنونىڭ قۇلىقىنى سوزماقچى بوپتۇيۇ، ئەمما كۆڭلى ئۇنىماپتۇ، شۇنداقلا پىنوككىنوغا بىر جۈپ قۇلاق ياساپ بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئاپتۇ.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇزدۇز پىنوككىنوغا گۈللۈك قەغەزدىن بىر قۇر كىيىم، دەرەخ قوۋزىقىدا بىر جۈپ ئاياغ، يۇمشاق بولكىدا بىر شىلەپە ياساپ بېرىپتۇ. ياغاچ قونچاق دادىسىغا ئەركىلەپتۇ، يەنە تېخى:

— دادا، ئەمدى مەن ئەقىللىق - ئەقىللىق، ئەدەپلىك - ئەدەپلىك بالا بولىمەن، مەكتەپتە ئوقۇيمەن، چوڭ بولغاندا سېنى ئوبدان باقىمەن، — دەپتۇ.

گايپېتو ئوغلىنىڭ ۋاپادارلىقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ، ئەمما پۇلى يوق بولغاچقا، ئۇنى مەكتەپتە ئوقۇتۇشقا ئامالسىز ئىكەن.

پىنوككىنونىڭ كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىنى كۆرۈپ، گايپېتو تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ كونا سوكنو چاپىنىنى ئېسىگە ئاپتۇ - دە، تالاغا مېڭىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، بىر كىتابنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەپتۇ، ئەمما چاپىنى كۆرۈنمەپتۇ. كىتابتا يوغان ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان خەتلەر، قىزىقارلىق رەسىملەر بار ئىكەن.

— بۇ سەن مەكتەپ ئوقۇيدىغان ئېلىپبە، — دەپتۇ گايپېتو.

بۇ چاغدا سىرتتا قاتتىق قار يېغىۋاتقانىكەن.





— دادا، دادا، چاپىنىڭىز قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ پىنوككىنو ھەيران بولۇپ.

— چاپىنىممۇ؟ چاپىنىمنى سېتىۋەتتىم… مەن مۇشۇنداقمۇ يۈرۈۋېرىمەن، سەن ياخشى ئوقۇساڭ بولدى.

پىنوككىنو دادىسىنىڭ قولىغا بۇرنىنى سۈركەپ تۇرۇپ:

— مەن چوڭ بولغىنىمدا سىزگە بىر ئەمەس، مىڭ چاپان ئېلىپ بېرىمەن! — دەپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە قار توختاپتۇ. پىنوككىنو ئېلىپبەسىنى سومكىسىغا سېلىپ، خۇشال - خۇرام مەكتەپكە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇنىڭ قەلبى نۇرغۇن-نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇلارغا تولۇپتۇ.

پىنوككىنو مەكتەپكە يېقىنلاشقاندا، يېقىنلا بىر جايدىن شوخ مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. پىنوككىنو مۇزىكا ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە — بىر مەيدانغا كېلىپ، كىشىلەرنىڭ بىر چوڭ چېدىرنىڭ ئالدىغا ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ئۇ بىر ئوغۇل بالىدىن بۇ يەردە نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ. ئوغۇل بالا ئۇنىڭغا بۇنىڭ «ياغاچ قونچاق سېرك ئۆمىكى» ئىكەنلىكىنى، تۆت دوللار پۇلى بولسىلا چېدىرغا كىرىپ سېرك كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

پىنوككىنو ئېلىپبەسىنى تۆت دوللارغا سېتىۋېتىپ، ئالدىراپ بېلەت ئاپتۇ - دە، سېرك كۆرگىلى چېدىرغا كىرىپتۇ. ئۇ مەكتەپكە بارىدىغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىپتۇ!

پىنوككىنو ئەمدىلا چېدىرغا كىرىپ، بىرىنچى رەتكە بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئويۇن قويۇۋاتقان ياغاچ قونچاقلار ئۇنى تونۇپ قاپتۇ - دە، سەھنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توۋلىشىپتۇ:

— پىنوككىنو كەپتۇ! بىزنىڭ پىنوككىنو كەپتۇ!

— بۇياققا چىق، پىنوككىنو، بىزنىڭ يېنىمىزغا چىق.

— قېرىندىشىمىزنى قىزغىن قارشى ئالايلى!





پىنوككىنو ئورنىدىن تۇرۇپتۇ - دە، بىرلا سەكرەپ سەھنىگە چىقىپتۇ. قونچاقلار ئۇنى ئارىسىغا ئېلىشىۋېلىپ قۇچاقلاشقا، سۆيۈشكە، چىمداشقا باشلاپتۇ. سەھنە ۋە زالنىڭ ئىچى قالايمىقانلىشىپ كېتىپتۇ.

بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ، سەھنە ئارقىسىدىن تەرى سۈرۈن بىر ئادەم چىقىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ تارالمىغان ساقىلى يەرگە سۆرۈلۈپ قالغانىكەن، چىرايىدىن ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرىدىكەن، قانغا تولغان دۈپدۈگىلەك كۆزلىرى بەكلا قورقۇنچلۇق ئىكەن. ئۇنىڭ قولىدا يەتتە تاسمىلىق قامچا بار ئىكەن.

بۇ ئادەم ياغاچ قونچاق تىياتىرىنىڭ خوجايىنى جوۋانني ئىكەن.

— ئويۇنۇمغا كاشىلا قىلغان سەنمۇ؟ — دەپ كاركىراپتۇ ئۇ ۋە پىنوك-كىنونى تۇتۇۋېلىپ، ئامبارغا ئەپكىرىپ مىخقا ئېسىپ قويۇپتۇ.

كەچتە جوۋانني تاماق ئەتمەكچى بولۇپ قارىسا، ئوتۇن بەكلا ئاز تۇر-غۇدەك.

— ماڭا ئاۋۇ بىكارچى پىنوككىنونى ئەپكىرىپ بېرىڭلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ ئۇ قونچاقلارغا، — ئۇ قۇرۇق ياغاچتىن ياسالغان، ئۇنى ئوچاققا تاشلىسام، تاماقنى بىردەمدىلا پىشىدۇ!

قونچاقلار خوجايىنىنىڭ پىنوككىنوغا رەھىم قىلىشىنى تىلەپتۇ، ئەمما ئۇ زادىلا ئۇنىماپتۇ. ئۇلار ئامبارغا كىرىپ، پىنوككىنونى مىختىن ئېلىپ ئاشخانىغا ئېلىپ كىرىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

بىچارە پىنوككىنو يىغلاپ تۇرۇپ جوۋاننىغا يالۋۇرۇپتۇ:

— ئۆيدە بىچارە دادام ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالغىلىۋاتىدۇ. قېرىغان چېغىدا مەن بىردىنبىر تايانچى ئىدىم. رەھىم قىلىڭ، مېنى قويۇۋېتىڭ...

نېمىشقىكىن، جوۋاننىنىڭ كۆڭلى يۇمشاپ قاپتۇ. ئۇ پىنوككىنونى ئەمەس، باشقا قونچاقنى ئوچاققا سالماقچى بوپتۇ. بۇ چاغدا پىنوككىنو تېخىمۇ يىغلاپ كېتىپتۇ.

— بولدى، مېنىلا كۆيدۈرۈڭ! باشقىلارنىڭ مەن ئۈچۈن ئۆلۈپ كېتىـشىنى خالىمايمەن.

جوۋانني پىنوككىنونىڭ باتۇرلۇقى ۋە ئاق كۆڭۈللۈكىدىن تەسىرلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ياغاچ قونچاقلارنى قالىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پىنوكك-نو ئۇز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. جوۋانني قېرى موزدۇزنىڭ بەك بىچارىلىكىنى ھېس قىپتۇ، ھەميىنىدىن بەش تىللانى چىقىرىپ پىنوككىنوغا بېرىپتۇ ۋە ئۆيۈڭگە قايتىپ بېرىپ، بۇلارنى داداڭغا بەرگىن، دەپتۇ.





پىنوككىنو جوۋانىغا رەھمەت ئېيتىپ، ئاندىن بەش تىللانى مەھكەم سىقىمداپ: «گاپپىتو دادامغا يېڭى چاپان ئەپبېرىمەن!» دەپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنىچە ئۆيگە قاراپ يول ئاپتۇ.

يېرىم يولدا، ئۇنىڭغا بىر يەكچەشمە مۇشۇك بىلەن ئۇچ پۇتلۇق تۈلكە ئۇچراپتۇ. پىنوككىنو ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بوپتۇ، ئەمما توكۇر تۈلكە ئۇنىڭ ئالدىنى توساپتۇ ۋە مۇلايىملىق بىلەن:

— ئوھۇ، پىنوككىنوغۇ بۇ! مۇنچە ئالدىراپ نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.



— ئۇيگە، گايپىتو دادامنىڭ قېشىغا، — دەپتۇ پىنوككىنو ۋە قولىدىكى تىللالارنى كۆرسىتىپتۇ، — ئەمدى ئۇ ئاچ قالمايدۇ، ئۇنىڭ يېڭى چاپىنىمۇ بار بولىدۇ تېخى! يەنە ئېلىپبە ئالىمەن، مەكتەپتە ئوقۇيمەن!

خۇشاللىقىنى باسالمىغان پىنوككىنو ئۇلارغا بەش تىللانىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

پۈلغا كۆزى چۈشۈشى بىلەن تۈلكە ئىختىيارسىز قول سوزۇپتۇ، مۈشۈك قارىغۇ كۆزىنى يوغان ئېچىپتۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى ئىككى تال يېشىل چىراغتەك «يالت» قىلىپ قاپتۇ. ئەمما پىنوككىنو بۇلارنى سەزمەپتۇ.

— ئەقىللىق پىنوككىنوجان، — دەپتۇ تۈلكە مۇغەمبەرلىك بىلەن، — پۇلۇڭنىڭ ئون باراۋەر كۆپىيىشىنى خالامسەن؟

— ئەلۋەتتە خالايمەن! ھە، قانداق قىلسا كۆپىيىدۇ؟

— مۈشۈكياپىلاقلار زېمىنىدا بىر سېھىرلىك ئوتلاق بار. ئوتلاقتا ئۆرەك كولاپ تىللالارنى سالىسەن - دە، توپا بىلەن كۆمۈپ، ياخشىلاپ سۇغىرىسەن، ئاندىن خاتىرجەم ئۇخلاشقا كېتىسەن. ئەتىسى ئەتىگەندە ئورەكتىن بىر تۈپ دەرەخ ئۆسۈپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ شاخلىرىدا يوپۇرماقلارنىڭ ئورنىدا تىللالار ئېسىلىپ تۇرىدۇ...

— بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ — دەپتۇ پىنوككىنو ئىشەنگۈسى كەلمەي.

— بولىدىلا، يۈر، ئاداش، — دەپتۇ تۈلكە مۈشۈككە كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، — بىزگە ئىشەنمىگەنلەر بىلەن پاراڭلاشقانىنىڭ نېمە پايدىسى بار؟

— ياق، ياق! — دەپ ۋارقىراپتۇ پىنوككىنو، — ئىشىنىمەن، سىلەرگە ئىشىنىمەن!

ئۇچەيلەن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. كەچ كىرەي دېگەندە، ئۇلار «قىزىل قىسقۇچپاقا سارىيى» دېگەن ۋۇيۇسكىسى بار مېھمانخانىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇ يەردە ئارام ئېلىپ، يېرىم كېچىدە ھېلىقى ئوتلاققا بارماقچى بوپتۇ.

پىنوككىنو يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ قارىسا، تۈلكە بىلەن مۈشۈك يوق تۇرغۇدەك.

— ھەمراھلىرىڭىز سىزنى ئورمان تەرەپكە ئاپىرىدىغان يول بىلەن چاپسانراق كەلسۇن، دېيىشتى، — دەپتۇ سارايى خوجايىنى.

ئۇ بىر تىللا بىلەن ئۇچەيلەننىڭ ھېسابىنى ئۈزۈپ، ئۆزى يالغۇز يولغا چىقىپتۇ.

بۇ ئاي يېڭىدىن چىقىۋاتقان چاغ ئىكەن. پىنوككىنو قەدىمىنى تېزلىتىپتۇ. تۇيۇقسىز ئارقىسىدىن بىر كىمنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان شەپىسى ئاڭلىنىپتۇ. پىنوككىنو ئارقىغا قارىسا، ئۇنى ئىككى نېمە قوغلاپ كېلىۋاتقۇدەك. ئۇلار باشلىرىغا قاپ كىيىۋېلىشقان، كۆرۈش ئۈچۈن قاپنىڭ ئالدىنى تېشىۋېلىشقانىكەن.

پىنوككىنو تۆت تىللانى تىلىنىڭ ئاستىغا سېلىۋاپتۇ-دە، قاپقاراڭغۇ ئورمانغا قاراپ توشقاندەك چېپىپتۇ. لېكىن، ئۇ ئورمانغا يېقىنلاشقاندا، قاراقچىلار ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ.

— جان كېرەك بولسا، دەرھال پۇلنى چىقار! — دەپ تۇۋلىشىپتۇ ئۇلار پىنوككىنونى ياقىسىدىن تۇتۇپ سىلكىشتۇرۇپ.

پىنوككىنو ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ ئۈندىمەي تۇرۇۋاپتۇ. ئىككى قاراقچى قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، پىنوككىنونى ئارغامچا بىلەن بىر دوپ دەرىخىگە ئېسىپ قويۇپتۇ، ئەمما پىنوككىنو يەنىلا ئۈندىمەپتۇ. ئۇ بىھوش ھالەتتە ئېسىقلىق تۇرۇپ، دادىسى گايپىتونىڭ كېلىپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىشىنى تىلەپتۇ.



نىقابلىق ئىككى قاراقچى باشقا ئادەم ئەمەس، ھېلىقى تۈلكە بىلەن مۈشۈك ئىكەن. ئۇلار پىنوككىنونىڭ ئاغزىدىن تىللالارنىڭ چۈشۈشىنى ساقلاۋېرىپ قورساقلىرى ئېچىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قورسىقىنىڭ غېمىنى قىلغىلى كېتىپتۇ.



مۈشۈ ئەتراپتا ياشايدىغان بىر پەرى بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. پەرىنىڭ پىنوككىنوغا ئىچى ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇ ئۈچ قېتىم چاۋاك چالغانىكەن، شۇ ھامان بىر بۈركۈت بىلەن بىر ئىت پەيدا بوپتۇ. پەرى بۈركۈتنى پىنوككىنونىڭ بويىندىكى ئاغامچا تۈگۈننى يېشىشكە، ئىتنى بولسا ئۇنى چانىغا سېلىپ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.



ئانچە ئۆتمەي، ئارانلا جېنى قالغان پىنوككىنو ئىت سۆرىگەن چانىغا سېلىنىپ پەرىزاتنىڭ قەسرىگە ئېلىپ كېلىنىپ، ئىسسىق ھەم ئازادە كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويۇلۇپتۇ.

پەرى پىنوككىنونى كۆرسىتىش ئۈچۈن شۇ جايدىكى ئەڭ داڭلىق ئىككى دوختۇر — قاغا بىلەن مۈشۈكياپىلاقنى چاقىرتىپتۇ.



ئۇلار پىنوككىئونى ئىنتايىن ئاچچىق بىر دورىنى ئىچىشكە بۇيرۇپتۇ. پىنوككىئو چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، قىرتاق ھەم ئاچچىق دورىنى بەك قىيىنىلىپ ئىچىپتۇ، بىراق ناھايىتى تېزلا ساقىيىپ قاپتۇ.

پىنوككىئو بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى پەرىگە بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئەمما ئېلىپبەسىنى سېتىۋەتكەنلىكىنى دېمەپتۇ.

— تىللالارچۇ؟ تىللالار قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ پەرى.

پىنوككىئو ھودۇقۇپ كېتىپتۇ، ئەمما دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ئۇلارنى يوقىتىپ قويدۇم، قەيەردە يوقىتىپ قويغىنىم زادىلا ئېسىمدە يوق...، — دەپتۇ، شۇ ھامان بۇرنى ئۆزىراشقا باشلاپتۇ.

پىنوككىئو قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، بۇرنىنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ تۇتۇۋاپتۇ، ئەمما بۇرنى يەنە ئۆزىراۋېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پەرى كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە يالغان سۆزلىسە بۇرنى ئۆزىراپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پىنوككىئو ئىزا تارتقىنىدىن ئالمىدەك قىزىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ يانچۇقىدىن تۆت تىللانى چىقىرىپ پەرىگە كۆرسىتىپتۇ ھەمدە بۇرنىنى قانداق قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بىلەلمەي ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

پەرى چاۋاك چېلىپ بىرمۇنچە تۆمۈرتۆمشۇقلارنى چاقىرىپ، ئۇلارنى پىنوككىئونىڭ بۇرنىنى ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. تۆمۈرتۆمشۇقلار چوقۇلاپ يۈرۈپ پىنوككىئونىڭ بۇرنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

پەرى ئۇنىڭغا يالغان ئېيتماسلىقى كېرەكلىكىنى، بولمىسا بۇرنى يەنە ئۆزىراپ كېتىدىغانلىقىنى جېكىلەپتۇ، ئاندىن ئۇنى تىللالارنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىشقا بۇيرۇپتۇ.



پىنوككىنو پەرى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ، لېكىن يېرىم يولغا بارغاندا، يەنە ھېلىقى قارىغۇ مۈشۈك بىلەن توكۇر تۈلكىگە يولۇقۇپ قاپتۇ. ئۇلار ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىياپەتتە سالاملاشقاندىن كېيىن، تۈلكە:

— گېپىڭدە تۇرمايدىكەنسەن، پىنوككىنوجان، بىزنى شۇنچە ساقلاتقىنىڭ نېمىسى؟ — دەپتۇ رەنجىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ.

پىنوككىنو كېيىنكى ۋەقەلەرنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئەمدى قانداق قىلىسەن؟ ھېلىقى يەرگە بارامسەن؟

پىنوككىنو تىللا تېرىشقا يەنە قىزىقىپ قاپتۇ.

تۈلكە بىلەن مۈشۈك ئۇنى بىر ئوتلاققا باشلاپ كەپتۇ. پىنوككىنو ئۇلار ئىككىسىنى كەتكۈزۈۋېتىپ ئورەك كولاپتۇ ۋە تۆت تىللانى سېلىپ كۆمۈپتۇ، ئاندىن بىر ئوچۇم سۇنى ئۈستىگە سېپىپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى پىنوككىنو تاڭ سەھەردە تۇرۇپ ئۇ يەرگە بارغانىكەن، تىللا مېۋىلەيدىغان دەرەخ ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر تال شاخمۇ كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ ئالدىراپ ئورەكنى ئاچقانىكەن، تىللالارمۇ كۆرۈنمەپتۇ. قاتتىق ئەلەمدە قالغان پىنوككىنو سالپايغان ھالدا ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

— جېنىم بالام، ئادەمنى شۇنداقمۇ ئەنسىرىتەمسەن؟ نەگە باردىڭ؟ نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟...، — پىنوككىنونى كۆرۈپ كۆڭلى جايىغا چۈشكەن گايپىتو سوئال دېگەننى ياغدۇرۇۋېتىپتۇ.

ئەتىسىدىن باشلاپ پىنوككىنو مەكتەپكە بېرىپتۇ، يەنە تېخى گەپ ئاڭلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. لېكىن، بىر كىشى ئۇنىڭ ياخشى ئوقۇشىنى، قۇلىقى يۇمشاق بالا بولۇشىنى خالىمايدىكەن. ئۇ كىتابنى كۆرسە ئۆگدەك باسىدىغان، ئويۇننى دېسە قېپىنى يارىدىغان كارلو ئىسىملىك بالا ئىكەن.





— ئوقۇش دېگەن شۇنداق زېرىكەرلىك نېمە، — دەپتۇ بىر كۈنى كارلو پىنوككىنوغا، — بىلەمسەن، شۇنداق بىر جاي بار، «ئويۇنچۇقلار مەملىكىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەردىكى باللار بەك بەختلىك، ئۇلار مەكتەپتە ئوقۇمايدۇ، كۈن بويى ھەر خىل قىزىق ئويۇنلارنى ئويناپ ۋاقتىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ زادىلا ئاڭلىماپتىكەنمەن، — دەپتۇ پىنوككىنو.

— بارغۇڭ بولسا، مانا مەن باشلاپ باراي، بۈگۈن كەچتە «ئويۇنچۇقلار مەملىكىتى» دىن بىزدەك باللارنى ئالغىلى پەيتۇن كېلىدۇ، — دەپتۇ كارلو.

پىنوككىنو دەسلەپتە دادىسى گايپېتونى، ئۆزىنىڭ ياخشى ئوقۇشقا ۋەدە بەرگەنلىكىنى ئويلاپ ئىككىلىنىپتۇ، كېيىن «بىر قېتىم كۆرۈپ باققانغا ھېچنېمە بولماس. پەقەت بىر قېتىملا...» دېگەنلەرنى ئويلاپ، كارلونىڭ تەكلىپىگە خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بوپتۇ.

يېرىم كېچە بولغاندا راستتىنلا بىر پەيتۇن كەپتۇ. پەيتۇنغا ئون ئىككى تەخەي قېتىلغان، تەخەيلەرنىڭ ھەممىسى ئاق ئۆتۈك كىيگەنىكەن. پەيتۇننىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرغان بىرمۇنچە ئوغۇل باللار گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا پەيتۇنغا ئېسىلىپ چىقىشىپتۇ، پىنوككىنو ھەتتا بىرلا سەكرەپ بىر تەخەيگە مىنىۋاپتۇ.

ئۇلار «ئويۇنچۇقلار مەملىكىتى» گە بىردەمدىلا بېرىپ قاپتۇ. بۇ يەر ھەقىقەتەن كارلونىڭ تەسۋىرلىگىنىدەك ئىكەن: بۇ يەردە قايسى ئويۇننى ئوينىغۇڭىز كەلسە، شۇ ئويۇن تېپىلىدىكەن. ئوغۇللار غەم - قايغۇسىز ھالدا پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن ئويۇن ئوينايدىكەن، ھېچكىم ئۇلارنى باشقۇرمايدىكەن، ئۇلار ھەتتا ئازراق دەرسمۇ تەكرارلىمايدىكەن.

— ھايات راستتىنلا بەك گۈزەل ئىكەن ئەمەسمۇ! — پىنوككىنو ھەر قېتىم كارلونى كۆرگەندە مۇشۇنداق دەيدىغان بوپتۇ.







 

پىنوككىنو دادىسى گايپېتونى يەنە ئالدايدىغان بولۇۋاپتۇ: ئۇ ئەتىگەندە مەكتەپكە بارىدىكەن، ئەمما دەرسلەر قۇلىقىغا كىرمەيدىكەن. ئۇ دەرس ۋاقتىدا ئولتۇرۇپ تۈنۈگۈن كېچە ئوينىغان ئويۇنلىرىنى ئەسلەيدىكەن، چاققانراق كەچ كىرىشىنى تىلەيدىكەن.

پىنوككىنونىڭ كۈنلىرى ئەنە شۇنداق ئۆتىۋېرىپتۇ. لېكىن، بىر كۈنى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ. ئەتىگەندە پىنوككىنو ئويغىنىپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ. چۈنكى، ئورنىدا يېتىپ ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلسە، نېمىدۇر بىر نېمە تاقاشقاندەك بىلىنىپتۇ. ئۇ ئالمان - تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ ئەينەككە قاراپتۇ.

— ۋاي خۇدايىمەي، بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟!

پىنوككىنو ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭغا بىر كېچىدىلا بىر جۈپ تۈكلۈك ئۇزۇن قۇلاق ئۆسۈپ قالغانىكەن! ئۇ ئەمدى قانداق قىلسا بولار؟ دادىسى كۆرسە نېمە دەر؟

پىنوككىنو شەپكە كىيىپ ئۇزۇن قۇلاقلىرىنى شەپكىسىنىڭ ئىچىگە تىقىۋاپتۇ. ئەمما، ئەتىسى ئۇنىڭ قۇلاقلىرى تېخىمۇ ئۇزىراپ شەپكىنىڭ ئىچىگە پاتماي قاپتۇ. پىنوككىنو ئامالسىز بېشىغا گايپېتونىڭ چوڭ شىلەپىسىنى كىيىۋېلىشقا مەجبۇر بوپتۇ، ئاندىن كېيىن كارلونى ئىزدەپ بېرىپتۇ. ئوھۇي، كارلومۇ شىلەپە كىيىۋاپتۇ، كىيگەندىمۇ شىلەپىنى تازا چۆكۈرۈپ كىيىۋاپتۇغۇ! ئۇلار ئىككىسىنىڭلا ئۇزۇن قۇلاقلىق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ شىلەپىلىرىنى ئېلىۋېتىپتۇ ۋە بىر - بىرىنى كۆرسىتىپ قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلاپتۇ.

لېكىن، ئۇلار قاتتىق كۈلۈشۈۋاتقاندا، كارلونىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كېتىپتۇ، بەدىنى ھەدەپ ئىغاڭلاشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا پىنوككىنومۇ جايىدا جىم تۇرالماي قاپتۇ. ئۇلارنىڭ يۈزى ئېشەكنىڭكىدەك ئۇزىراپ، قوللىرىمۇ ئاستا - ئاستا يەرگە تېگىپ، تۆت پۇتلۇق بولۇپ قاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، پىنوككىنو بىلەن كارلو ئىككى ئېشەككە ئۆزگىرىشكە باشلاپتۇ. ئۇلار قورققىنىدىن ۋارقىرىغانىكەن، ئاۋازى ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىغا ئوخشاپ قاپتۇ.

مانا بۇ مەكتەپتىن قېچىپ ئويۇنقېپىلىق قىلغان بالىلارنىڭ قورقۇنچلۇق ئاقىۋىتى ئىكەن.

«ئويۇنچۇقلار مەملىكىتى» دىكى ھارۋىكەش بۇ ئىككى ئېشەكنى سېتىۋەتكىلى بازارغا ئاپارغانىكەن، كارلونى بىر دېھقان سېتىۋاپتۇ، پىنوككىنونى بولسا بىر سېرك ئۆمىكىنىڭ خوجايىنى سېتىۋاپتۇ.

ئەمدى پىنوككىنوغا ئىسسىق تاماق، ئىللىق ئورۇن نەدە دەيسىلەر؟ ئۇ ھەر كۈنى پەقەت سامان بىلەن كېپەكتىن ئېتىلگەن ھەلەپنىلا يېيەلەيدىكەن، ياتىدىغان يېرى ئېغىل ئىكەن. ئۇنىڭ كۆرىدىغان كۈنى بۇلا ئەمەس ئىكەن. ئۇ چەمبىرەكتىن ئۆتۈش ئويۇنىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلىنىپتۇ. بۇنداق ئويۇن بەكلا مۇرەككەپ ئىكەن، بىر ئېشەك ئۈچۈن ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق ئىكەن.

جاپالىق مەشىق جەريانىدا پىنوككىنو ھەمىشە قامچا يەيدىكەن، ئەمما غىڭ قىلالمايدىكەن. شۇ تەرىقىدە نۇرغۇن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، جاپالىق مەشىق قىلىش ئارقىلىق، پىنوككىنو ئاخىر بۇ ئويۇننى ئۆگىنىۋاپتۇ.





بىر كۈنى پىنوككىنو چەمبى-
رەكتىن ئۆتۈش ئويۇنىنى ئويناۋاتـ-
قاندا كېلىشمەسلىككە ئۇچراپتۇ:
ئۇ چەمبىرەكتىن ئۆتۈش ئۇچۇن بىر
سەكرىگەنىكەن، مۇدۇرۇلۇپ كې-
تىپ پۇتىنى قايرىۋاپتۇ.

— ئەمدى سېنىڭ نېمە كېرى-
كىڭ بار! — دەپتۇ خوجايىن، —
سىنىڭ ئۇمىكى پۇتى سۇنۇق ئېشەك
بىلەن ئويۇن كۆرسىتەلمەيدۇ.

خوجايىن ئۇنى بىر پەتەك دېھ-
قانغا سېتىۋېتىپتۇ. دېھقان ئۇنى
مىنمەيدىكەن، ھارۋىسىغىمۇ قوش-
مايدىكەن، بەلكى مەھەللە مۇزىكا
ئەترىتىنىڭ دۇمبىقىنىڭ يۈزلۈكى
قىلىش ئۇچۇن ئۇنىڭ تېرىسىنى
شۇلۇۋالماقچى ئىكەن.

پەتەك دېھقان پىنوككىنونى دېڭىز بويىغا يېتىلەپ بېرىپ، بىر چوڭ
تاشنى بوينىغا باغلاپ، پۇتىغا بىر ئۇزۇن ئاغامچىنى چېتىپتۇ.

«ئۇ نېمە قىلماقچىدۇ؟ بىر ئېشەكنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىش ئۇچۇن
بىكاردىن - بىكار پۇل خەجلەپ سېتىۋېلىشنىڭ ئورنى بارمۇ؟... ياق، راستـ-
تىنلا مېنى دېڭىزغا تاشلايدىغان ئوخشايدۇ. ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم!»
دەپ ئويلاپتۇ پىنوككىنو جىنىدىن ئۇمىد ئۈزۈپ.

دېھقان پىنوككىنونى دېڭىزغا تاشلاپتۇ. ئۇ ئاۋۋال ئېشەكنى تۇنجۇقتۇ-
رۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن تېرىسىنى شۇلۇۋالماقچى ئىكەن.





پىنوككىنو دېڭىزنىڭ تېگىدە جان تا-
لىشىشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ بىچارە
دادىسىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ياخ-
شى ئوقۇماي ئالداپ يۈرگىنىگە قاتتىق پۇ-
شايمان قىپتۇ. ئۇ يەنە ھېلىقى بىر چاغدا
ئۆزىگە ياردەم بەرگەن پەرىنى ئېسىگە ئې-
لىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلماقچى
بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەرىنى چاقىرىشقا
باشلاپتۇ.

پەرى پىنوككىنونىڭ چاقىرغىنىنى
ئاڭلاپ، بىر توپ بېلىقلارنى ياردەمگە ئە-
ۋەتىپتۇ.

بېلىقلار ئېشەكنىڭ گۆشىنى پاك -
پاكىز يەۋېتىپتۇ، ئاخىرىدا پەقەت پىنوك-
كىنونىڭ بەدىنىلا قېپقاپتۇ.

بۇ چاغدا، پىنوككىنو ئۆزىنىڭ سۇ
يۈزىگە تارتىپ چىقىرىلغانلىقىنى تۇيۇپتۇ.
پەتەك دېھقان تارتىپ چىقارغىنىنىڭ جانلىق ياغاچ قونچاق ئىكەنلىكىنى كۆ-
رۈپ، ھەيران بولغىنىدىن قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

دېھقان ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن، يىغلامسىراپ سوراپتۇ:

— مەن دېڭىزغا تاشلىغان ھېلىقى ئېشەك نەگە كەتتى؟

پىنوككىنو پەتەك دېھقانغا ۋەقەنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بىراق،
دېھقان ئىشەنمەپتۇ. ئۇ غەزەپلىنىپ ياغاچ قونچاقنى ئوتۇننىڭ ئورنىدا سې-
تىۋەتمەكچى بوپتۇ.

ئارغامچا ئەمدىلا بوشىتىلىشىغا، پىنوككىنو پەتەككە قاراپ چىرايىنى
پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپتۇ - دە، ئۆزىنى دېڭىزغا ئېتىپتۇ.

پىنوككىنو ئۆزىنىڭ يەنە ياغاچ قونچاققا
ئايلانغانلىقىغا خۇش بولۇپ، جېنىنىڭ
بارىچە ئۈزۈپ قىرغاقتىن يىراق-
لىشىپتۇ. قىرغاقتىكى دېھقان
پىنوككىنونىڭ بارا - بارا
يىراقلىشىپ كىچىككىنە
چېكىتكە ئايلانغانلى-
قىغا قاراپ قاپتۇ.



لېكىن، پىنوككىنو يەنىلا خەتەردىن قۇتۇلالماپتۇ. ئۇ بار كۈچى بىلەن ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندا، ناھايىتى يوغان ۋە قورقۇنچلۇق بىر ئاكۇلا ئۇنىڭ كەينىدە پەيدا بوپتۇ.

نېمىدۇر بىرنېمىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغان پىنوككىنو ئارقىغا شۇنداق قاراپتۇيۇ، ئاكۇلانىڭ غاردەك ئېچىلغان يوغان ئاغزىنى كۆرۈپ: «ۋايجان! قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ. تۇزلۇق دېڭىز سۈيى ئۇنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كېتىپ، قاقىلىپ كېتىپتۇ. بۇ يەردە ئۇنى قۇتقۇزىدىغان كىم بار دەيسىلەر! قاچە - قاچ! پىنوككىنو ھە دەپ ئالغا قاراپ ئۈزۈپتۇ. لېكىن، بۇ غەلىتە مەخلۇق ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي ئىز قوغلاپ، بارغانسېرى يېقىنلاپ كەپتۇ.

ئاكۇلا ئاغزىنى بولۇشىغا ئېچىپ دېڭىز سۈيىنى دەم تارتقانىكەن، پىنوككىنو بىرمۇنچە بەختسىز بېلىقلار بىلەن بىللە ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىپ كېتىپتۇ. شىددەتلىك سۇ ئېقىنى پىنوككىنونى ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىپتۇ.

بىر چاغدا، پىنوككىنو ھوشىغا كەپتۇ، ئەمما ھېچنېمىنى كۆرەلمەي، ئۆزىنىڭ بىر قاپقاراڭغۇچىلىق ئىچىدە قالغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئۇ سىلاپ - سىپاشتۇرۇپ ئالدىغا قاراپ ئۆمىلەپتۇ، ئۆمىلەپ كېتىۋېتىپ، ئېچىنىشلىق ئاۋازدا: «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ توۋلاپ يىغلاپتۇ.

تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتە سۇس يورۇق كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ ئۆمىلەپ يېقىنلاشقان چاغدا، ئۇنىڭ شام يورۇقى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈپتۇ.

«بۇ نېمە كارامەتتۇر؟ مېنىڭ ئاكۇلانىڭ قورسىقىدا ئىكەنلىكىم ئېنىق. ئەمما، ئۇنىڭ قورسىقىدا شام نېمە قىلىدۇ؟ ئۇنى كىم ياندۇرۇپ قويغاندۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ پىنوككىنو ھەيران بولۇپ.



ئۇنى بىردىنلا يەنە قورقۇنچ بېسىپتۇ. «ئۇ يەرگە بارايمۇ - بارمايمۇ؟ مېنى يەنە قانداق خەتەرلىك ئىشلار كۈتۈپ تۇرغاندۇ؟ قاچانمۇ دادام گايپېتو بىلەن ئۇچرىشارمەن؟ قاچانمۇ مەكتىپىمگە بارارمەن؟»

ئۇ يەنىلا شام يورۇقى كۆرۈنۈۋاتقان تەرەپكە بېرىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ ئۇياققا قاراپ داۋاملىق ئۈمىلەپتۇ، يېقىن كەلگەن چاغدا، كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن ھالدا داڭقېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. ئەسلىدە بۇ يەردە شام ياندۇرۇپ ئولتۇرغان كىشى دادىسى گايپېتو ئىكەن ئەمەسمۇ!

— پىنوككىنو! مېنىڭ ئوماق ئوغلۇم!...

ئاتا - بالا ئىككىيلەن چىڭ قۇچاقلىشىپتۇ، يىغلاپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلىشىپتۇ. گايپېتو ئوغلىغا ئۇنى تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدىگەنلىكىنى، قۇرۇقلۇقتا ئىزدەپ بولغاندىن كېيىن، يەنە قېيىق ياساپ دېڭىزدا ئىزدىگەنلىكىنى، ئاقىۋەتتە ئاكۇلا ئۇنى قېيىقى بىلەن قوشۇپلا يۇتۇۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ قېيىقتىكى نەرسىلەرنى يەپ جان ساقلاپ كەلگەنىكەن.

ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ خەتەرلىك كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بولغاندا، پىنوككىنو ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بوپتۇ. ئۇ دادىسىغا ھازىرقى مۇھىم مەسىلە بىر ئامال قىلىپ قۇتۇلۇپ چىقىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

پىنوككىنو دادىسىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، شام بىلەن يولنى يورۇتۇپ، ئاكۇلانىڭ ئاشقازىنىنى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ ماڭىپتۇ.



ھېلىمۇ ياخشى، بۇ ئاكۇلانىڭ زىققا كېسىلى بار ئىكەن. ئۇ ھاسىراپ ئاغزىنى يوغان ئېچىپتۇ! پىنوككىئو دادىسىنى ھاپاش ئېتىپ، ئاكۇلانىڭ چىش يېرىقلىرىدىن ئۈمۈلەپ چىقىپتۇ، ئاندىن كېيىن جېنىنىڭ بارىچە ئۈزۈشكە باشلاپتۇ.

ئاكۇلا يېقىندىن بېرى سۇ تېيىز جايدا ئاپتاپسىنىدىغان بولۇپ قالغاچقا، ئاتا - بالا ئىككىيلەن بىردەمدىلا قىرغاققا بېرىۋاپتۇ.



بۇ چاغدا تاڭ يوراي دەپ قالغانىكەن. ئۇستۇبىشى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن گايپىتو توڭلىغانلىقتىن ۋە قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئاللىقاچان يېرىم جان بولۇپ قالغانىكەن. پىنوككىنو دېڭىز ساھىلىدا بىر ئۆينى تېپىپ، دادىسىنى ئۇبدان جايلاشتۇرۇپتۇ.

ئاغرىق دادىسىنى بېقىش پىنوككىنونىڭ زىممىسىگە چۈشۈپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ پۇلى يوق تۇرسا، يېمەك - ئىچمەكنى نېمىگە ئالىدۇ؟

پىنوككىنو بۇنىڭمۇ ئامالىنى تېپىپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى دېھقانلارغا ئىشلەپ بېرىپ سۈت ۋە بولكا تېپىپ كەپتۇ.

گايپىتو ئاستا - ئاستا ماغدۇرىغا كېلىپ، تالا - تۈزگە چىقالايدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى، پىنوككىنو:

— دادا، ئەمدى ئۆيگە قايتساق، قانداق دەيسەن؟ ئۆيىمىزنى بەك سېغىنىپ كەتتىم، — دەپتۇ.

— شۇنداق قىلايلى، ئوغلۇم! — دەپتۇ گايپىتو.

پىنوككىنو بىلەن گايپىتو ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. پىنوككىنو ھەر ئاخشىمى سېۋەت توقۇپ سېتىپ ئۆينى قامداپتۇ. ئۇ يەنە ئۆزى تاپقان پۇللار بىلەن ئاغرىپ قالغان پەرىنى داۋالىتىپتۇ.

بىر كېچىسى، پىنوككىنو چۈشىدە پەرىنىڭ كىشىلەرگە ئۇنى «ياخشى بالا» دەپ ماختاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئويغىنىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ قوڭۇر چاچلىق چىرايلىق بىر ئوغۇل بالىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بايقاپتۇ.



— ئەسلىدىكى ياغاچ قونچاق نەگە كەتتى؟ — بۇ يېڭىدىن پەيدا بولغان ئوغۇل بالا ھەم خۇشال، ھەم ھەيران بولغان ھالدا دادىسىدىن سوراپتۇ.

دادىسى ياغاچ قونچاقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئەسكى بالا ياخشى بالىغا ئايلانغان چاغدا، ئۇلارنىڭ تەقى - تۇرقىمۇ تۇرمۇشى بىلەن بىللە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ! — دەپتۇ.

# كىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاش كېرەك

## فرانسىيە چۆچىكى (ئەسلى ئەسەر: رافقىندىننىڭ)

بىر كۈنى، بىر دېھقان ئوغلى بىلەن بازارغا ئېشەك ساتقىلى مېڭىپتۇ. دېھقان ئېشەكنى قول ھارۋىسىغا سېلىۋالماقچى بوپتۇ.

— دادا، بازار دېگەن يىراق تۇرسا، ئېشەكنى مىنىپ ماڭماي، ئۇنى ھارۋىغا سېلىپ ئىتتىرىپ ماڭىمىز، دېگىنىڭ نېمىسى؟ — دەپتۇ بالا ھەيران بولۇپ.

— ھەي، سەن نېمىنى بىلىسەن؟ — دەپتۇ دېھقان ئوغلىغا قاراپ قويۇپ، — بۇ ئېشەكنى بازارغا ساتقىلى ئېلىپ ماڭدۇق، ئەگەر سەن بىلەن مەن ئۇنى مىنىۋالساق، بازارغا بارغۇچە ھالىدىن كەتمەمدۇ؟ ئېيتقىنا، تۇمشۇقىنى يەرگە تىرەپ سالپىيىپ تۇرغان ئېشەكنى كىممۇ ئالىدۇ؟

بالا دادىسىنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئېشەك سېلىنغان ھارۋىنى ئىتتىرىپ يولغا چىقىپتۇ.

لېكىن، ئۇلار كېتىۋاتقاندا كىشىلەر بۇ غەلىتە ئىشنى كۆرۈپ غۇلغۇلا قىلىشقا باشلاپتۇ:

— قاراڭلار! بۇ ئاتا ـ بالا ئىككىسى ئۇچىغا چىققان ساراڭلار ئىكەن، بىر كىمنىڭ ئېشەكنى ھارۋىغا سېلىپ ماڭغىنىنى كىم كۆرۈپ باققان؟!









ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن دەسلىپىدە ئۇلارنىڭ گېپىگە پەرۋا
قىلماي، هارۋىنى ئىتتىرگىنىچە كېتىۋېرىپتۇ. لېكىن، ماڭغان-
سېرى گەپ قىلىدىغانلار كۆپىيىپتۇ. دېهقان ئاچچىقىنى باسال-
ماي قاپتۇ ـ دە:
— هەي ئادەملەر، مەن بۇ ئېشەكنى ساتقىلى ئېلىپ ماڭ-
دىم. ئۇنى مىنىۋالسام، بازارغا بارغۇچە هېرىپ هالىدىن كېتى-
دۇ. ئۇ چاغدا ئۇنى مەن دېگەن باهادا ساتقىلى بولمايدۇ، —
دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.
كىشىلەر قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ، دېهقاننى هەرنېمىگە ئوخ-
شىتىپ زاڭلىق قىلىشىۋېرىپتۇ.
دېهقاننىڭ چىدىغۇچىلىكى قالماپتۇ. ئۇ ئېشەكنى هارۋىدىن
تارتىپ چۈشۈرۈپ ئۇنىڭغا مىنىپتۇ ـ دە، ئوغلىنى كەينىدىن
مېڭىشقا بۇيرۇپتۇ.
ئانچە ئۇزۇن ماڭا ـ ماڭماي، ئۇلار بازاردىن قايتقان ئايال-
لارغا يولۇقۇپ قاپتۇ. بۇ ئاياللار جاۋۇلداشقا باشلاپتۇ:
— سىزنى ئاتا دېگىلى بولامدۇ ـ هە؟ شۇنچە بوي ـ بەستى-
ڭىز بىلەن ئىزا تارتماي ئېشەككە مىنىۋاپسىزۇ، مۇشتۇمدەك
ئوغلىڭىزنى ئارقىڭىزدىن سوكۇلداشقا سېلىپسىز! جاهاندا بۇ-
نىڭدىنمۇ ئۇياتلىق، بۇنىڭدىنمۇ رەزىل ئىش بارمۇ؟
— توۋا، كۆڭلىڭىز ئەجەبمۇ قارا ئادەم ئىكەنسىز! كى-
چىككىنە ئوغلىڭىزنى پىيادە قويۇپ، ئۆزىڭىز ئېشەكنى مىنى-
ۋېلىپ، قايسى يۈزىڭىز بىلەن چوڭ كوچىدا كېتىۋاتىسىز؟
— سىزدەك ئادەمنى زادىلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن...



كىشىلەرنىڭ تىل ـ ھاقارەت ۋە مەسخىرىلىرى
زادىلا بېسىلماپتۇ. كۆڭلى غەش بولغىنىدىن نېمە قى-
لىشىنى بىلەلمەي قالغان دېھقان ئېشەكتىن چۈشۈپ
ئوغلىنى مىندۈرۈشكە، ئۆزى بولسا كەينىدىن مېڭىش-
قا مەجبۇر بوپتۇ.

لېكىن، ئانچە ئۇزۇن ماڭماي، ئېتىزلىقتا ئىشلە-
ۋاتقان بىرمۇنچە ئەرلەرنىڭ گېپىگە قاپتۇ:

— قاراڭلار! ئاۋۇ شۇمتەك ئېشەككە بەھوزۇر مى-
نىۋېلىپ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن دادىسىنى كەينىدىن
ماڭغىلى قويۇپتۇ.

— بۇ كاساپەت بەك ۋاپاسىز ئىكەن!

— بالا دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟

— بۇنداق بالىنى باققان ئاتىنىڭ ھالىغا ۋاي!...

كىشىلەرنىڭ تىل ـ ھاقارىتى ئاستىدا، ئاتا ـ بالا
ئىككىيلەن يەنە بىر قېتىم توختاپتۇ. ئەمما، ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي
يول ياقىسىدا تۇرۇپ قاپتۇ.

— خەق نېمە دېسە دەۋەرمەمدۇ، دادا، بىز كېتىۋېرەيلى. بولمىسا،
بازارغا كەچ قالىمىز، — دەپتۇ بالا.

— مېنى ئالدىرىمايدۇ دەمسەن؟ — دەپتۇ دېھقان ئاچچىق كۈلۈپ، —
ئۆزىنىڭ نېنىنى يەپ، خەقنىڭ غېمىنى يەيدى-
غان بۇ ئادەملەرنىڭ گېپى مېنى ماڭغىلى قوي-
مايۋاتىدۇ دېگىنە، بالام!

— ئەمىسە، ئېشەككە ئىككىيلەن مىنەي-
لى، ئۇ چاغدا ئۇلار يەنە بىرنېمە دەپ يۈرمەس.

ئاتا ماقۇل بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن
ئېشەككە مىنىپتۇ.



— قاراڭلار، ئاۋۇ تاش يۈرەك ئەبلەخلەر-
گە! — يولدا كېتىۋاتقانلار تولۇشىپتۇ، —
ۋىجىك، ئورۇق ئېشەككە ئاتا ـ بالا ئىككىسى
مىنىۋاپتۇ!

دېھقانىنىڭ ھەقىقەتەن قاتتىق ئاچچىقى كەپ-
تۇ ـ دە، ئېشەكنىڭ بىقىنىغا بىرنى تېپىپ،
ۋارقىراپتۇ:

— ئىشىڭنى قىلىش! سىلەرنىڭ نېمە دېيى-
شىڭلار بىلەن ئەمدى كارىم يوق، مېنىڭ قانداق
قىلغۇم كەلسە، شۇنداق قىلىۋېرىمەن!



# ئۈچ تىلەك

گېرمانىيە چۆچەكى (ئەسلى ئەسەر: گرىمنىڭ)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ئورمانلىقتىكى بىر كەپىدە بىر ئوتۇنچى ئايالى بىلەن ياشايدىكەن. ئوتۇنچىنىڭ تاپقان پۇلى ئۇلارنىڭ كۈندىلىك خىراجىتىگە ئاران - ئارانلا يېتىدىكەن، بىراق ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئىجىل - ئىناق، بىر - بىرىگە مېھرىبان بولغاچقا، ئۆزلىرىنى ئىنتايىن بەختلىك دەپ بىلىدىكەن.

بىر كۈنى، ئوتۇنچىنىڭ ئايالى سۇ ئالغىلى چىقسا، ئېرى يىراقتىن بىرنېمىلەرنى دەپ توۋلىغىنىچە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقۇدەك. ئايال ئېرىگە بىرەر پالاكەتچىلىك بولدىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ كېتىپتۇ، لېكىن ئېرى يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ: «ۋاي خوتۇن، خۇش خەۋەر! باي بولىدىغان بولدۇق! بىز ئەمدى باي بولۇپ كېتىدىغان بولدۇق» دەپ توۋلىغىنىنى ئاڭقىرىپتۇ.

— ئەجەبمۇ قورقۇتۇۋەتتىڭغا مېنى! — دەپتۇ ئايال، — ھە، ئۇنچىۋالا يۈگۈرگۈدەك نېمە ئىش بولدى زادى؟

ئوتۇنچى ھاسىرىغىنىچە ئايالىغا بۈگۈن ئۆزى يولۇققان بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ:





ئەتىگەندە ئۇ ئادىتى بويىچە بىر كۈن بۇرۇن پەملەپ قويغان بىر دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى كېسىشكە ھازىرلىنىپتۇ. بۇ دەرەخ باشقا دەرەخلەرگە ئانچە ئوخشىمىسىپ كەتمەيدىكەن، دەرەخنىڭ غولىدا بىرنەچچە غەلىتە كامار بار ئىكەن. لېكىن، ئۇ بۇ كامارلارغا ئېرەن قىلماي بىرنەچچە پالتا چېپىشىغا، تۇيۇقسىز بىر كامارىدىن كىچىككىنە بىر جىننىڭ قاتتىق ھودۇقۇش ئالامىتى چىقىپ تۇرغان چىرايى كۆرۈنۈپتۇ.

— ئەي ئادەم، بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، ماڭا ۋە باللىرىمغا رەھىم قىلىپ، بۇ دەرەخنى كەسمىسەڭ، — دەپتۇ جىن ئۆتۈنۈپ.

ئوتۇنچى دەسلەپىدە بەك قورقۇپ كېتىپتۇ، بىراق ناھايىتى تېزلا ئۆزىنى بېسىۋاپتۇ. چۈنكى، بۇ جىن بەك كىچىك ئىكەن، ئۆزى بولسا قاۋۇل، كۈچلۈك بىر ئەر كىشى - دە! شۇنىڭ بىلەن، ئۇ جىننىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي، پالتىسىنى يەنە ئېگىز كۆتۈرۈپتۇ.

— ئەي ئادەم، ئۇنداق قىلما، — دەپتۇ جىن، — بۇ دەرەخنى كەسمىسەڭ، سېنىڭ ئۈچ تىلىكىڭنى ئورۇنداپ بېرىمەن، — دەپتۇ جىن.

ئوتۇنچى ماقۇل بوپتۇ.

— بوپتۇ، دېگىنىڭچە بولسۇن، كەسمىسەم كەسمەي، ئەمما سەنمۇ گېپىڭدە تۇر جۇمۇ! — دەپتۇ ئۇ.

— چاتاق يوق! — دەپتۇ جىن، — قېنى، تىلىكىڭنى ئېيت.

— ئالدىرىما، — دەپتۇ ئوتۇنچى، — مەن ھەربىر ئىشنى ئايالىم بىلەن بامەسلىھەت قىلىپ كەلگەنمەن. بۇنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن دەيمەن.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئايالىنىڭ بۇ ئىشقا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بوپتۇ.

ئوتۇنچىنىڭ ئايالى بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. ئەر-خوتۇن ئىككىسى تاماق جوزىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچكەچ، بۇ ئۈچ تىلەكنىڭ ئۆزلىرىگە قانداق ئاجايىپ نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلاپتۇ.



ئوتۇنچىنىڭ ئايالى خۇشاللىقىدا ئېرى-
نىڭ رومكىسىدىكى ھاراقنى بىر ئوتلاپ،
سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— ھەقىقەتەن قالتىس ئىش بوپتۇ! ئەمدى
بىز باي بولۇپ كېتىدىغان بولدۇق! سەن ئو-
تۇن كېسىپ جاپا تارتىپ يۈرمىسەڭمۇ بول-
دىغان بولدى. ئەمما، شۇ تاپتا مەن زاكۇسكا
قىلىش ئۈچۈن بىر تىزىق قىزىنىڭ بولۇشىنى
ئۈمىد قىلاتتىم، گەرچە...

ئايال گەپنىڭ يېرىمىنى قىلا - قىلماي،
ئاخىرىنى توختىتىۋاپتۇ، بىراق ئۈلگۈرەلمەي
قاپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا مەززىلىك پۇر-
قى گۈپۈلدەپ تۇرغان ئۇزۇن بىر تىزىق قىزا
پەيدا بولۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئوتۇنچى
ئاچچىقىدا كېكەچلەپ كېتىپتۇ:

— سەن... سەن! نېمىلەرنى دەپ كەتتىڭ
- ھە؟ نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟... قىزا... ئاران بىر
تىزىق قىزا! بىكاردىن - بىكار بىر تىلەكنى
خار قىلدىڭ! سەن كالۋا خوتۇننىزە، بۇ قىزا
سېنىڭ بۇرنۇڭغا چاپلىشىپ قالسىچۇ تازا!

ئوتۇنچىنىڭ گېپى ئەمدىلا تۈگىشىگە، ئاجا-
يىپ غەلىتە بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ: قىزا ئېتىلىپ
بېرىپ ئايالىنىڭ بۇرنىغا چاپلىشىپ قاپتۇ.

بۇ قېتىم ئوتۇنچىنىڭ ئايالى سەكرەپ كېتىپتۇ.
ئۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ:

— ئۆزۈڭچۇ؟ ئۆزۈڭ نېمە قىلدىڭ ئەمدى؟
سەن كالۋانىڭ قىلغان ئىشىغا قارىمامدىغان، بىز
ئەسلىدە باشقا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايتتۇق ئەمەس-
مۇ؟! ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟...

— مەن چېپىپ...



ئوتۇنچى ئاچچىقىدا شۇنداق دەپ قاتتىق تۇۋلاپ-
تۇ، گەپنىڭ ئاخىرىنى دېمەي ئاغزىنى چىڭ ئېتىۋ-
ۋاپتۇ. ئۇ چوڭ خاتالىقتىن بىرنى ئۆتكۈزگىلى تاس
قاپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى، ۋاقتىدا ئاغزىنى يىغىشتۇرۇ-
ۋاپتۇ، بولمىسا ئايالىنىڭ كاللىسىنىمۇ ساقلاپ
قالالمايتتىكەن.



ئوتۇنچى قىلغان گېپىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، يىغلىۋەتكىلى تاس قاپتۇ. شۇنچە يىل ئىجىل - ئىناق ئۆتكەن قەدىرلىك ھەمراھىنى بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئوڭايسىزلىنىپ كېتىپتۇ.

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ۋارقىرىشىۋەرسە بولمايدۇ - دە! شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئايالنىڭ بۇرنىدىكى يەرگە ساڭگىلاپ تۇرغان قىزىنى يوقىتىشنىڭ ئامالىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. ئايال بار كۈچى بىلەن كۈچەپمۇ قىزىنى بۇرنىدىن ئاجرىتالماپتۇ. ئوتۇنچىمۇ قىزىنى تارتىپ بېقىپتۇ، ئەمما قىزا بۇرۇندىن زادىلا ئاجرىماپتۇ.

ئاخىرىدا، پەقەت بىرلا ئامال قاپتۇ. ئەر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، مەردانىلىق بىلەن ئاخىرقى تىلىكىنى ئېيتىپتۇ:

— مەن قىزىنىڭ ئايالىمنىڭ بۇرنىدىن يوقىلىشىنى تىلەيمەن.

ئۇنىڭ گېپى ئاياغلاشقان ھامان، قىزا ئايالنىڭ بۇرنىدىن ئاجراپ يەرگە چۈشۈپتۇ.

بۇ قەدىناس ئەر - خوتۇنلار ئۈن سېلىپ يىغلاشقىنىچە چىڭ قۇچاقلىشىپتۇ.

— بولدى، ماڭا جىنىڭ بەرگەن بايلىقى كېرەك ئەمەس، سەن بولساڭلا بولدى! — دەپتۇ ئوتۇنچى.

— ماڭىمۇ سەن كېرەك، قەدىرلىكىم، — دەپتۇ ئايالى، — بىز ناھايىتى نامرات ياشىشىمىز مۇمكىن، ئەمما قەلبىمىز بىر بولسىلا، بەختلىك بولالايمىز.





# برام موزىكا ئەترىتى

گېرمانىيە چۆچىكى (ئەسلى ئەسەر: گرىممىنىڭ)

بىر ئېشەك قېرىپ كەتكەنلىكتىن ئىشلىگۈدەك ماغدۇرى قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، خوجايىنى ھە دېسىلا ئۇنى تىللايدىغان، قامچا بىلەن ساۋىدايدىغان بولۇۋاپتۇ.

— يەپ يېتىشتىن باشقىنى بىلمەيسەن، قېرى ھاراملىق! قېرىپ كارغا كەلمەيدىغان بولۇپ قاپسەن، تېرەڭنى سويۇپ دۇمباق قىلىشتىن باشقىغا يارىمىغۇدەكسەن، — دەيدىكەن خوجايىنى دائىم.

«ياش ۋاقتىمدا، كۈچ - ماغدۇرۇمنىڭ بارىدا تازا ئىشلەتكەنىدى، ئەمدىكى ھالىم شۇمۇ؟ — دەپتۇ ئېشەك ئۆز - ئۆزىگە، — قېرىغاندا كۆرىدىغان كۈنۈم مۇشۇ ئوخشايدۇ. بۇنداق خورلۇق تارتىپ يۈرگەندىن كۆرە، يىراقلارغا قېچىپ كەتمەيمۇ؟...»

ئۇ گېرمانىيىنىڭ برام شەھىرىدە ناخشىچى قوبۇل قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى يېقىملىق دەپ بىلگەچكە، برامغا بېرىش قارارىغا كەپتۇ.

يېرىم يولدا، ئېشەك ئورۇق ھەم پۈتۈن بەدىنىنى جاراھەت بېسىپ كەتكەن بىر قوتۇر ئىتنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ.

— ئېشەكۋاي، نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئىت خىرقىراق ئاۋازدا.

— برامغا بېرىپ ناخشا ئوقۇتقۇچىسى بولايمىكىن دەيمىنا! ئۆزۈڭچۇ؟

— ھەي - ي، ھېچكىم مېنى كېرەك قىلمايدىكەن! — دەپتۇ قېرى ئىت ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتىپ، — يېشىم چوڭىيىپ قالغاچقا، توشقان ئوۋلىيالمايدىغان، ئۆيگە قارىيالمايدىغان بولۇپ قېلىۋىدىم، خوجايىنىم دۇمبالايدىغان بولۇۋالدى. شۇڭا، ئۆيدىن قېچىپ چىقتىم.

— مۇنداق دە! مېنىڭ ئەھۋالىممۇ سېنىڭكى بىلەن ئوخشاش. قارىغاندا بىز بىللە برامغا بارساق بولغۇدەك... ھەي، مېنىڭ بىر ياخشى ئامالىم بار، بىز مۇزىكا ئەترىتى قۇرايلى!

ئانچە ئۇزتمەي، قېرىپ چاشقان تۇتالمايدىغان بولۇپ قالغان بىر مۇشۇك بىلەن چىلىلىغۇدەك ھالى قالمىغانلىقتىن خوجايىنى بوغۇزلاپ قورۇما قىلمۇەتـ مەكچى بولغان بىر خوراز ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپتۇ.

تۆت دوست يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇن قاراڭغۇ چۈشكەندە بىر ئورمانـ لىققا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار ھېرىپ ـ چارچاپتۇ، قورساقلىرى ئېچىپ تارتىـ شىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە قاراڭغۇدىن قورقۇپ ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ.

تۇيۇقسىز ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىن چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار يورۇق چىقىۋاتقان بىر ياغاچ ئۆينىڭ دېرىزە تۈۋىگە كەپتۇ.

ئېشەك تۇيىقىنى دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپتۇ، ئىت چاققانلىق بىلەن ئېشەكنىڭ ئۇستىگە، مۇشۇك ئىتنىڭ ئۇستىگە چىقىپتۇ، خوراز بىر ئۇـ چۇپ مۇشۇكنىڭ ئۇستىگە قونۇپتۇ. ئۇلار ئۆينىڭ ئىچىنى كۆزىتىشكە باشلاپتۇ.



بۇ ئۆيدە بىر توپ قاراقچىلار بار ئىكەن. ئۇلار ھېلىلا نۇرغۇن قىممەت-لىك نەرسىلەرنى بۇلاپ كەلگەن بو-لۇپ، يەپ - ئىچىپ، ئالىتاغىل توۋ-لىشىپ بۈگۈنكى ئولجىسى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىشىۋاتقانىكەن.

قورساقلىرى ئېچىپ كەتكەن تۆت دوست جوزىدىكى نازۇنېمەتلەر-نى كۆرگەندە، ھەممىسىنىڭ ئاغزىغا سېرىقسۇ كەپتۇ

— بىز ئوبدانىراق مەسلىھەتلىشە-ۋالايلى، — دەپتۇ ئېشەك تىترەپ تۇ-رۇپ، — ئامال تېپىپ بۇ قاراقچىلارنى قوغلىۋېتەيلى.



كۆز ئالدىدىكى بۇ نازۇ-
نېمەتلەرنى قاراقچىلارنىڭ يەپ
بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئېشەك-
نىڭ ئۇستىدىكى ئۇچەيلەن بەك
جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ. ئېشەك ئۇ-
لاردىنمۇ بەكرەك جىددىيلىشىپ كەت-
كەنلىكتىن، پۇتلىرى ماغدۇرسىزلىنىپ
بەدىنىنى كۆتۈرەلمەي قاپتۇ، شۇنىڭ بى-
لەن ئۇنىڭ كاللىسى دېرىزىگە «جاڭگىدە»
تەگكەنىكەن، دېرىزە ئەينىكى «جاراڭگىدە»
چېقىلىپ كېتىپتۇ. ئېشەكنىڭ ئۇستىدىكى ئۇ-
چەيلەن بولسا، «گۇپپىدە» قىلىپ ئۆينىڭ ئى-
چىگە چۈشۈپتىكەن، چىراغقا تېگىپ كېتىپ ئۇنى
ئۆچۈرۈپ قويۇپتۇ.



ئېشەكنىڭ بۇرنىنى چېقىلغان ئەينەك پارچىسى
تىلىۋېتىپتۇ. ئۇ ئاغرىقتا چىدىماي دومىلاپ، ئېچىنىش-
لىق ھاڭرىۋېتىپتۇ. ئارقىدىنلا ئىت، مۈشۈك، خورازلار
ھاۋشىپ، مىياڭلاپ، چىللاپ ھەيۋە كۆرسىتىپتۇ.
— ۋايجان، ئالۋاستىلار كەلدى! — دەپ تۇۋلىۋېتىپتۇ
بىر قاراقچى.
غەرق مەست بولۇپ كەتكەن قاراقچىلار ئۆلگۇدەك قورقۇپ
كېتىپتۇ.
— ۋاي، تېز قاچايلى! — قاراقچىلار ۋارقىرىشىپ ئۆلەر - تىرىلىشىگە
باقماي بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.
ئېچىرقاپ ھالىدىن كەتكەن تۆت دوست تازا مەززە قىلىپ قورساق
توقلىشىپتۇ.
ئورمانلىقتا قېچىپ بارغان قاراقچىلار مەسلىھەتلىشىپتۇ.
— بۇ غەلىتە مەخلۇقلارنى ئېنىق كۆرەلمىدىم، مەن بېرىپ قاراپ بېقىپ
كېلەي، — دەپتۇ قاراقچىلارنىڭ باشلىقى. تۆت دوست ئۇخلىماقچى بولۇپ
تۇرغاندا، قاراقچىلار باشلىقى بۇ يەرگە تىمىسقىلاپ كەپتۇ. ئۇ ئۆيگە
«غىپپىدە» كىرىپ، تاپانچىسىنى كۆتۈرۈپ مەشىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، مۈ-
شۈكنىڭ بىر جۈپ كۆزىنى كۆيۈۋاتقان كۆمۈر چوغى دەپ قاپتۇ - دە، بىر
تال شامنى ئىككى «چوغ»نىڭ ئوتتۇرىسىغا تەگكۈزۈپتۇ. غەزەپلەنگەن
مۈشۈك ئۇنىڭ يۈزىنى مورلىۋاپتۇ. قاراقچى ئالدىراپ ئارقىغا يانغانىكەن،
ئىتنىڭ ئۇستىگە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ - دە، قولىدىكى تاپانچىنىڭ تەپكىسى
بېسىلىپ كېتىپ، «پاڭ» قىلىپ ئېتىلىپ كېتىپتۇ.



ئىت ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن ئۇنىڭ يانپىشىنى چىشلەپتۇ. ئېشەك بىرنى تېپىتىكەن، ئۇ تالاغا دومىلاپ چىقىپ كېتىپتۇ. خوراز بار ئاۋازى بىلەن چىللاپ غەلىبىگە تەنتەنە قىپتۇ.

— تېز قېچىڭلار! — قاراقچىلارنىڭ باشلىقى قاتتىق ۋارقىراپتۇ، — بىر قورقۇنچلۇق جادىگەر يۈزۈمنى تاتىلىۋالدى. بىر ۋەھشىي هايۋان پۈتۈمنى چىشلىدى، يەنە بىر ياۋۇز ئالۋاستى مېنى كالتەك بىلەن ئۇردى!

قاراقچىلارنىڭ ھەممىسى قورقۇپ تىترەپ كېتىپتۇ ۋە ئورمانلىقتىن قېچىپ چىقىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ، ئۇلار ھېلىقى ئۆيگە قايتا يېقىنلىشىشقا پېتىنالماپتۇ.

تۆت دوستمۇ مۇزىكانت بولۇش شېرىن خىيالىنى تاشلاپتۇ. چۈنكى، ئۇلار قاراقچىلاردىن قېپقالغان بايلىقلارنى خىراجەت قىلىپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىكەن.



# ئەلى بىلەن پادىشاھ

ئاسىيا چۆچىكى («مىڭ بىر كېچە»دىن ئېلىنغان)

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، يىراقتىكى ئەرەب زېمىنىدا ناھايىتى [illegible]لىك، ئەمما ئىنتايىن ئاچ كۆز پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ پۇقرالارنىڭ تىرىكچىلىكى بىلەن قىلچە كارى يوق ئىكەن، ئەكسىچە ئۇلارغا زادىلا ئارام بەرمەيدىكەن. پات - پات خىلمۇخىل سېلىق ۋە باج ئېلىشنىڭ يوللىرىنى ئويلاپ تېپىپ، ئۇلارنىڭ پۇل ۋە مال - مۈلكىنى شۇلۇۋالىدىكەن.

بۇ مەملىكەتتە ئەلى ئىسىملىك بىر يىگىت بار ئىكەن. ئۇ ناھايىتى خۇش چاقچاق ۋە قىزىقچى ئىكەن، ھەمىشە پادىشاھ توغرۇلۇق ھەر خىل كۈلكىلىك ھەزىل پاراڭلارنى توقۇپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىدىكەن، پۇقرالارنىڭ ئىچىنى بوشىتىدىكەن. شۇ تۈپەيلى، ئۇنىڭ نامى بارغانسېرى ئەل ئارىسىغا تارىلىپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئۇقۇپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ - دە، ياساۋۇللارغا ئەلىنى تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئېغىر جازا بەرمەكچى بوپتۇ.

ياساۋۇللار ئەلىنى ئوردىغا يالاپ ئېلىپ كەپتۇ.

— مېنىڭ توغرۇلۇق لەتىپە توقۇيدىغان ئەلى دېگەن شۇپۇك ئېغىز سەن بولامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ غەزەپ بىلەن، — بۇ قاپ يۈرەكلىكنى كىم بەردى ساڭا!

— ئالىيلىرى، سىلىگە بىھۆرمەتلىك قىلىشقا ھەددىممۇ؟ — دەپتۇ ئەلى پادىشاھقا تەزىم قىلىپ، — مەن سىلىنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىرى ۋە كېلىشكەن قەددى - قامەتلىرىگە چوقۇنىمەن، بۇنى سىلىگە يۈزتۇرانە تۇرۇپ ئېيتىش مېنىڭ ئەڭ زور ئارزۇيۇم بولۇپ كەلدى. مانا بۈگۈن سىلى شەپقەت قىلىپ ماڭا بۇ ياخشى پۇرسەتنى ئاتا قىلدىلا. بۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ سىلىگە چىن كۆڭلۈمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشۈمگە ئىجازەت بېرىشلىرىنى سورايمەن. مەن ئالىيلىرىغا ئاتاپ بىر شېئىر يازغان، ھازىر بۇ شېئىرنى ئوقۇپ بېرىشىمگە مۇمكىن بولارمۇ؟

ئەلىنىڭ شېرىن - شېكەر سۆزلىرىدىن پادىشاھنىڭ كۆڭلى يايراپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئەلىنى يازغان شېئىرىنى ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. ئەلى خىيالىغا كەلگەن سۆزلەرنى قوراشتۇرۇپ بىر كۇبلېت شېئىر توقۇپتۇ:

شاھىمىزنىڭ پارلاقلىقى ئوخشار قۇياشقا،
نۇر چاچىدۇ پۇقرالارغا، كەڭرى زېمىنغا.
شاھ قۇدرىتى بۇ جاھاندا تەڭداشسىز شۇنچە،
شاھ ئاۋازى نەيدەك ياڭرار يىراق - يىراقتا.

ئەلىنىڭ شېئىرى پادىشاھنى ناھايىتى خۇشال قىلىۋېتىپتۇ، ئۇ ھەتتا ئەلىنى ئوردىغا نېمە ئۈچۈن چاقىرغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتۇ.

— چۈشەندىم، — دەپتۇ پادىشاھ ئەلىگە ئىللىق قاراپ، — سەن مېنىڭ سادىق پۇقرايىم ئىكەنسەن، تۆھمەتخورلار ساڭا بوھتان قىپتۇ، ئەمدى ئۇلارنىڭ سۆزىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. بۈگۈنكى خىزمىتىڭ ئۈچۈن سېنى تارتۇقلىماقچىمەن: ئوردىدىكى ئېگەرلەرنىڭ ئارىسىدىن كۆڭلۈڭگە ياققان بىرىنى تاللىۋال.

ئەلى پادىشاھقا تازا ئېگىلىپ تەزىم قىپتۇ ۋە بىر ئېشەك ئېگىرىنى تاللىۋاپتۇ، ئاندىن ئۇنى ئۈستىگە ئارتقىنىچە ئوردىدىن چىقىپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ غەلىتە قىياپىتىنى كۆرۈپ سورىشىپتۇ:

— ھەي ئەلى، ئېشەك ئېگىرىنى يۈدۈۋېلىپ نەگە كېتىۋاتىسەن؟

ئەلى ئۈستىدىكى ئېگەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— پادىشاھقا ھۆرمىتىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بايا مەن بىر كۇبلېت شېئىر ئوقۇپ بېرىۋىدىم، ئۇ ماڭا بىر جىلىتكىسىنى ئىنئام قىلدى!

شۇ ھامان ئەتراپنى قاتتىق كۈلكە ساداسى قاپلاپتۇ.





# ئالتۇن غاز

گېرمانىيە چۆچىكى (ئەسلىي ئەسەر: گىرىمنىڭ)



بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر ئورمانلىقنىڭ چېتىدە بىر ئائىلە كىشىلىرى ياشايدىكەن. بۇ ئائىلىنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. كەنجى ئوغۇل ھاماقەت، ئەمما ئاق كۆڭۈل يىگىت ئىكەن، ئۇ نېمىلا ئىش قىلسا ئەپلەشتۈرەلمەي زىيان تارتقانلىقتىن، ھەممەيلەن ئۇنى «گالۋاڭ» دەپ ئاتايدىكەن.

بىر كۈنى دادىسى تۇنجى ئوغلىغا:

— بالام، بۈگۈن سەن ئورمانغا بېرىپ ئوتۇن كېسىپ كەل، — دەپتۇ.

— ماقۇل، دادا، — دەپتۇ تۇنجى ئوغلى ۋە پالتا، ئارغامچىنى ئېلىپ مېڭىشقا تەمشىلىپتۇ. ئانىسى:

— بالام، ئىشلەپ چارچىغىنىڭدا كېرەك بولار، — دەپ، بىر بولكا، بىر تال قىزى ۋە بىر بوتۇلكا ھاراق بېرىپتۇ.

تۇنجى ئوغۇل ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە كىرگەندە، ئاپئاق ساقاللىق، ئاق چاچلىق بىر پارپىغا يولۇقۇپتۇ. بۇ غەلىتە پارپا بوۋاي ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق سورىشىپتۇ ھەمدە:

— ئوغلۇم، ئاغزىمغا بىرنەرسە سالمىغىنىمغا نەچچە كۈن بولدى، يېگۈدەك بىرنېمە بېرەلەرسەنمۇ؟ — دەپتۇ.

— يوقال قېرى! — دەپ ۋارقىراپتۇ تۇنجى ئوغۇل ۋە ئۇنى ئۇرماقچى بولغاندەك دېۋەيلەپتۇ.

پارپا يالۋۇرۇپتۇ، ئەمما تۇنجى ئوغۇل پالتىنى ئېگىز كۆتۈرگەنىكەن، ئۇ قېچىپ كېتىپتۇ.

تۇنجى ئوغۇل ئوتۇن كەسمەكچى بولۇپ، پالتىنى بىر چاپقاندىكەن، پالتا دەرەخكە ئەمەس، ئۆزىنىڭ بىلىكىگە تېگىپتۇ. شۇ ھامان يارا ئېغىزىدىن قان بۇلدۇقلاپ چىقىشقا باشلاپتۇ. تۇنجى ئوغۇل ئاغرىققا چىدىماي سەكرەپ كېتىپتۇ ۋە بىلىكىنى تېڭىش ئۈچۈن ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

ئەسلىدە ھېلىقى پارپا ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇش ئۇچۇن
شۇنداق قىلغانىكەن.
ئارقىدىن، «گالۋاڭ» نىڭ ئوتتۇرانچى ئاكىسى دەرەخ كەسكە-
لى بارماقچى بوپتۇ. ئانىسى ئۇنىڭغىمۇ يېمەكلىك ۋە بىر بوتۇلكا
ئۈزۈم ھارىقى بېرىپتۇ.
ئوتتۇرانچى ئوغۇلمۇ ئورمانلىققا بېرىپ ئاكىسىنىڭكىگە
ئوخشاش ئىشقا يولۇقۇپتۇ. ئۇ پارپىغا يېمەكلىك بېرىش ئۇياقتا
تۇرسۇن، تېخى ئۇنى تىللاپ، ئۇرۇپ قوغلىۋېتىپتۇ. كېيىن، ئۇ
دەرەخ كېسىۋاتقاندا پۇتىنى چېپىۋاپتۇ.
— ئوتتۇن كەسكىلى مەن باراي! — دەپتۇ «گالۋاڭ» دادىسىغا.
ئۇ ئورمانلىققا بېرىپ ناھايىتى توم بىر دەرەخنى تاللىۋاپتۇ،
ئەمما يېرىم كۈن ھەپىلەشكەن بولسىمۇ دەرەخنى كېسىپ بولالماپ-
تۇ. ئۇ قورسىقىنى توقلىۋېلىپ ئىشنى داۋاملاشتۇرماقچى بوپتۇ.
تۇيۇقسىز ھېلىقى پارپا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن يېمەكلىك تەلەپ
قىپتۇ.
— كېلىڭ، بوۋا، بىللە غىزالىنايلى! — دەپتۇ «گالۋاڭ» قىز-
غىنلىق بىلەن، ئاندىن ئۇنىڭغا بولكا ۋە ئىرىمچىك بېرىپتۇ. ئىك-
كىيلەن كۆڭۈللۈك پاراڭلاشقاچ، ھاراق ئىچىشىپتۇ.





— مەن دەرەخ مالائىكىسى، — دەپتۇ پارپا، — ئىككى ئاكاڭ ماڭا قوپاللىق قىلدى، شۇڭا مەن ئۇلار-نىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويدۇم. ئۈچ بالىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى سەن ئىكەنسەن. سەن ماڭا ياخشى مۇئا-مىلە قىلدىڭ، شۇڭا مەن ساڭا مىن-نەتدارلىقىمنى بىلدۈرگۈم كېلىۋا-تىدۇ.

پارپا «گالۋاڭ»نى بىر دەرەخ-نىڭ يېنىغا باشلاپ كېلىپ:

— بۇ يەرنى كولىساڭ، دەرەخ-نىڭ يىلتىزىنىڭ ئاستىدا بىر ئالتۇن غاز بار. مەن شۇنى ساڭا تەقدىم قىلاي، — دەپتۇ.

«گالۋاڭ» پارپا بىلەن خوشلىد-شىپ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ، ئەم-ما ئېزىپ قېلىپ، بىر كەنتكە كېلىپ قاپتۇ. قارىسا، كەنتتىكى كىچىك مېھمانخانىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇرغۇدەك.

«گالۋاڭ» مېھمانخانا خوجايىنىنىڭ قىزىغا:

— ماڭا، يەنە بۇ غازغا يېگۈدەك بىرنېمە ئەكېلىپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

تاماق كەلگەندىن كېيىن، ئۇ غاز بىلەن غىزالىنىشقا باشلاپتۇ.

كەنتتىكىلەر ناتونۇش بىر يىگىتنىڭ غاز بىلەن بىللە غىزالىنىۋاتقان-لىقىنى ئاڭلاپ، بۇ تاماشىنى كۆرگىلى كەپتۇ. ئۇلار «گالۋاڭ»دىن نېمە ئۈچۈن غازغا شۇنچە ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— بۇ بىر ھېكمەتلىك غاز، — دەپتۇ «گالۋاڭ» ئۇلارغا راست گەپنى ئېيتىپ، — ماڭا خاتىرجەم بىر ياتاق كېرەك، مەن بىر كىمنىڭ غېزىمنى ئوغرىلاپ كېتىشىدىن ھېزى بولمىسام بولمايدۇ.

مېھمانخانا خوجايىنىنىڭ ئۈچ قىزى بار ئىكەن. ئۇلار «گالۋاڭ» ۋە ئۇنىڭ غېزى توغرىسىدا پاراڭلىشىپتۇ، پاراڭلاشقانسېرى غازغا قىزىقىپ قاپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا، تۇنجى قىز:



— سەن غازنى ئوغرىلاپ كەل، — دەپتۇ كەنجى قىزغا، — ھېچبولمىغاندا بىر تال پېيىنى ئېلىپ كېلەلىسەكمۇ ھېساب!

— ئەگەر ئۇ ئىگىسىنىڭ دېگىنىدەك راستىنلا ھېكمەتلىك غاز بولسا، ئۇنىڭ پېيىمۇ ئىنتايىن قىممەتلىك بولىدۇ! — دەپتۇ ئوتتۇرانچى قىز.

كەنجى قىز «گالۋاك» ياتقان ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئاستا ئېچىپ، ياتاققا كىرىپتۇ. كۈندۈزى دەرەخ كېسىپ قاتتىق چارچاپ كەتكەن «گالۋاك» غەپلەت ئۇيقۇسىغا كەتكەنىكەن.

كەنجى قىز تىمىسقىلاپ يۈرۈپ غازغا يېقىنلىشىپتۇ. ئەمما، ئۇ قولىنى غازنىڭ قۇيرۇقىغا تەگكۈزۈشىگە، قولى ئۇنىڭغا چىڭ چاپلىشىپ قاپتۇ. ئۇ قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ ۋە ئىككى ئاچىسىنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ. ئۇلار سىڭلىسىنى تارتىپ غازدىن ئاجرىتىۋالماقچى بولغانىكەن، ئۇلارمۇ چاپلىشىپ قاپتۇ.

ئۇپۇر - توپۇردا «گالۋاك» ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا، ئۈچ ئاچا - سىڭىل ئالتۇن غازغا چىڭ چاپلىشىپ قاپتۇدەك. بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئازراقمۇ غەلىتە بىلىنمەپتۇ. ئۇ غازنى قولتۇقىغا قىسىپتۇ - دە، سىرتقا مېڭىپتۇ. غازغا چاپلىشىپ قالغان ئۈچ قىزمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

مېھمانخانا خوجايىنى «گالۋاك» ۋە ئۈچ قىزنىڭ سەپ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ.

— ھەي، نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ ئۇ، — سىلەر نېمە قىلماقچى؟

ئۇ شۇ گەپنى قىلغىنىچە ئاخىرىدىكى قىزنىڭ بىلىكىدىن تۇتقانىكەن، ئۇمۇ چاپلىشىپ قېلىپ، بۇ گۇرۇپپىنىڭ يېڭى ئەزاسىغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

كەنتتىكى بىر چېپىلغاق ئايال، بىر ياۋاش پوپ ۋە بىر بولكىچىنىڭ تەقدىرى ئۇنىڭكى بىلەن ئوخشاش بوپتۇ. بولكىچى پوپنىڭ مۈرىسىگە مۈنداقلا ئۇرۇپ قويغىنىغا شۇ كۈنگە قاپتۇ. تىزىلىپ ماڭغان بۇ كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئېشخانىسىدا ئۈگدەپ ئولتۇرغان ساقچىنى چۆچۈتۈۋېتىپتۇ. ئۇ ئېشخانىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقسا، بىر توپ كىشىلەر بىرەت بولۇپ تىزىلىشىپ كېتىۋاتقۇدەك.

— ھاي، سىلەرنىڭ نامايىش قىلىشىڭلارغا كىم رۇخسەت قىلدى؟! — ساقچى توۋلىغىنىچە كېلىپ سەپنىڭ ئاخىرىدىكى بولكىچىنىڭ مۈرىسىنى تۇتقانىكەن، ئۇمۇ بۇ سەپكە قېتىلىپ قاپتۇ.





«گالۋاڭ» ۋە ئۇنىڭ كەينىدىكى كىشىلەر قاتار تىزىلىشىپ چوڭ كوچىدىن ئۆتكەندە، كىشىلەر قاقاقلىشىپ كۈلۈشكە باشلاپتۇ، تاماشا كۆرگۈچىلەر بارغانسېرى كۆپىيىپتۇ.

«گالۋاڭ» قونغان مەھەللە پادىشاھ ئوردىسىغا يېقىن ئىكەن. شۇ كۈنلەردە پادىشاھنىڭ قىزى بىر خىل غەلىتە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىكەن، بۇ دۆلەتتىكى داڭلىق دوختۇرلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنى ساقايتالمىغانىكەن. مەلىكە دائىم قاتتىق قايغۇ ئىچىدىلا يۈرىدىكەن، ھېچنىمە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچالمايدىكەن. بۇ مەلىكە گىرىپتار بولۇپ قالغان غەلىتە كېسەل ئىكەن.

پادىشاھ قىزىنى داۋالىتىپ ساقايتالمىغاندىن كېيىن، «كىم قىزىمنى كۈلدۈرەلىسە، ئۇنى شۇ كىشىگە ياتلىق قىلىمەن» دەپ جاكارلىغانىكەن.

شۇ كۈنى ھەقىقەتەن خاسىيەتلىك ئىش بوپتۇ. مەلىكە مەپىگە ئولتۇرۇپ مەھەللىدىكى مەيدانغا سەيلە قىلغىلى كەلگەنىكەن. ئۇ پەرىشان ھالدا خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغىنىدا، قاقاقلىغان كۈلكىلەر، بىر كىملەرنىڭ ۋاراڭ- چۇرۇڭ، چۇقان - سۈرەنلىرى ئاڭلىنىپتۇ. مەلىكە ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىسا، بىر يىگىت بىر ئالتۇن غازنى قولتۇقىغا چىڭ قىسىپ كېلىۋاتقۇدەك، ئۇنىڭ ئارقىدا بىرمۇنچە كىشىلەر بىر - بىرىگە چېتىلىپ قالغان ھالدا كېلىۋاتقۇدەك.

بۇ كۆرۈنۈش مەلىكىگە بەك قىزىق تۇيۇلۇپتۇ. ئۇ بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ ئالتۇن غازنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈش ئۈچۈن مەپىدىن چۈشۈپتۇ ۋە كېلىپ ئۇنى سىلاپتۇ. ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، بىر سىلاپ قويۇش بىلەن تەڭ، ئۇمۇ ئالتۇن غازغا چاپلىشىپ، بۇ كۈلكىلىك سەپنىڭ قاتارىغا كىرىپ قاپتۇ!

«گالۋاڭ» ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولغان كىشىلەر ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ. پادىشاھ سىرتتىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ، ئوردا راۋىقىغا چىقىپتۇ، چىقىپتۇيۇ، كۆزىگە ئىشەنمەي ئاغزىنى ئاچقىنىچە تۇرۇپلا قاپتۇ. چۈنكى، بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا قىزىمۇ بار بولۇپ، ئۇ توختىماي كۈلۈۋاتقۇدەك.

مەلىكىنىڭ كېسىلىغۇ ساقىيىپتۇ، ئەمما بىر - بىرىگە چاپلىشىپ قالغان كىشىلەرنى قانداق ئاجرىتىش كېرەك؟

ھەممەيلەننىڭ بېشى قېتىپ تۇرغاندا، ئاپئاق ساقاللىق بىر پارپا كەپتۇ- دە، ئۈچ قېتىم چاۋاك چېلىپتۇ. قىزىق ئىش، غازغا چاپلىشىپ قالغان كىشىلەر بىر - بىرىدىن ئاجراپ كېتىپتۇ. ئۇلار پارپىغا رەھمەت ئېيتماقچى بوپتۇ، ئەمما ئۇ ئاللىقاچان غايىب بولغانىكەن.

پادىشاھ گېپىدە تۇرۇپتۇ: ساددا «گالۋاڭ» بىلەن مەلىكە توي قىپتۇ. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن، ئۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ پادىشاھ بوپتۇ.

# سودىگەر بىلەن مىخ

ئاسىيا چۆچىكى («مىڭ بىر كېچە»دىن ئېلىنغان)

بۇرۇنىسىدا، سەلىم ئىسىملىك بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇ چېچەن ۋە پەم - پاراسەتلىك بولغاچقا، تىجارىتى تازا يۈرۈشۈپ، بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا شەھەرنىڭ كاتتا بايلىرىدىن بولۇپ قاپتۇ. لېكىن، بىر قېتىملىق زور ئوت ئاپىتىدە ئۇنىڭ يايما ۋە دۇكانلىرىدىكى ماللىرى پۈتۈنلەي كۆيۈپ كېتىپتۇ. ئىلكىدە پەقەت ئۆيىنىڭ قالغىنىنى دېمىگەندە، ئۇ بىر كېچىدىلا بىر قاقسەنەمگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

سەلىم بېشىغا كەلگەن كەلگۈلۈكتىن زارلىنىپ يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ. ئەمما، يىغلاۋەرگەن بىلەن نامراتچىلىقتىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ - دە! سەلىم ئۆيىنى سېتىۋەتمەكچى، بۇ پۇل بىلەن قايتا تىجارەت باشلاپ، قايتا ئىگىلىك تىكلىمەكچى بوپتۇ.

سەلىم شۇنچە كاتتا قورۇ - جايىغا كىشىنى ھەيران قىلغۇدەك تۆۋەن باھا قويۇپتۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆيىگە خېرىدار بولغۇچىلار ناھايىتى كۆپ بوپتۇ. ئەمما، ئۇ خېرىدارلارغا: «ئۆيۈمنى ساتىمەن، بىراق تامدىكى ئاۋۇ مىخنى ساتمايمەن» دېگەن شەرتنى قويۇپتۇ.

خېرىدارلار سەلىمنىڭ نېمە مۇددىئاسى بارلىقىنى بىلەلمەي بىر - بىرلەپ كېتىپ قاپتۇ.

بۇ شەھەردە بېخىللىق ۋە مەككارلىقتا داڭقى چىققان ئابراھام ئىسىملىك بىر سودىگەر بار ئىكەن. ئۇ سەلىمنىڭ ئۆيىگە قويغان باھاسىنى ۋە شەرتىنى ئاڭلاپ، ئىچىدە كۈلۈپ كېتىپتۇ: «ماۋۇ ئەخمەقنى كۆرۈڭ! بۇغداي بىلەن كارى بولماي، ساماننى ئەتىۋارلىدى، دېگەن شۇ - دە، بۇ!»

ئابراھام سەلىمنى ئىزدەپ بېرىپتۇ ۋە راست - يالغاندىن بىردەم باھا تالىشىپ، ئۆينى سەلىم قويغان باھادا سېتىۋاپتۇ.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى سەلىم كېلىپ ئىشىكنى قېقىپتۇ ۋە ئۆيگە كىرىپ تامدىكى مىخقا بىرمۇنچە چاپانلارنى ئېسىپتۇ.

— ھوي، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئابراھام ئەرۋاھى ئۇچقان ھالدا.



— ئۆي سېنىڭكى بولغىنى بىلەن، تامدىكى مىخ مېنىڭ! — دەپتۇ سەلىم چىرايىنى ئۆزگەرتمەي، ئاندىن كېتىپ قاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، سەلىمنىڭ كېلىش قېتىم سانى بارغانسېرى كۆپىيىپتۇ. ھەتتا بىر كەچتە ئۇ بىر ئۆلۈك ئېشەكنى سۆرەپ كەپتۇ، بىرمۇنچە ئىنجىقلاپ يۈرۈپ ناھايىتى تەستە ئېشەكنى مىخقا ئېسىپتۇ.

بىر كۈن ئۆتۈپتۇ، ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ، ئۆلۈك ئېشەكتىن تارقىلىۋاتقان سېسىق پۇراققا چىدىمىغان ئابراھام سەلىمگە: «يا ئېشەكنىڭ ئۆلۈكىنى ئۆيۈمدىن يوقات، يا مىخنى ماڭا سېتىپ بەر» دەپ يېقىپتۇ. ئەمما، سەلىم: «مىخنى ھەرگىز ساتمايمەن. ئۇ دېگەن مېنىڭ مىخىم، نېمە ئاسقۇم كەلسە شۇنى ئاسىمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئابراھام قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ، ئەمما ئۆي سېتىش - سېتىۋېلىش توختامىدىكى ماددىلار ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئۆي ئابراھامغا، مىخ سەلىمگە تەئەللۇق ئىكەن.

ئاخىرى ئابراھام ئۆيدىن كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ، سەلىم ئۇنىڭغا بىر تىيىنمۇ بەرمەي ئۆيگە قايتىدىن ئىگە بوپتۇ!



# ئەمىن ۋە پىششىق تۇخۇم

**ئاسىيا چۆچىكى («مىڭ بىر كېچە»دىن ئېلىنغان)**

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر چەت يېزىدا ئەمىن ئىسىملىك بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. بىر يىلى قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ، ئەمىن باشقا يۇرتداشلىرىغا ئوخشاشلا زىرائەتلىرىدىن بىر تال دانىمۇ يىغىۋالالماپتۇ. تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقى ئۇنى يۇرتىدىن، ئۆيىدىن ئايرىلىپ سىرتلارغا بېرىپ تەلىيىنى سىناپ بېقىشقا مەجبۇر قىپتۇ. سەپەرگە چىقىش ئۈچۈن قورساقنىڭ غېمىنى قىلىش كېرەك، ئەمما ئەمىننىڭ ئۆيىدە ئېلىۋالغۇدەك ھېچنېمە يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىر سودىگەرگە يالۋۇرۇپ يۇرۇپ مىڭ تەستە ئون ئىككى دانە پىششىق تۇخۇم نېسى ئاپتۇ، ئاندىن ئېشەككە مىنىپ يولغا چىقىپتۇ.

ياقا يۇرتلاردا ئەمىننىڭ كۆرمىگەن كۈنى، تارتمىغان جەبىر - جاپاسى قالماپتۇ. ئەمما، ئۇ ھەممىگە چىداپ، ھالال مېھنىتىگە تايىنىپ خېلى كۆپ پۇل تېپىپتۇ.

يەتتە يىلدىن كېيىن، ئەمىن ئېسىل كىيىنگەن، بىرنەچچە قېچىرغا مال ئارتقان ھالدا يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ.

ئەمىننىڭ قولۇم - قوشنىلىرى دەماللىققا ئۇنى تونۇيالماي قاپتۇ، كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپتۇ. ئەمىنمۇ سوۋغا - سالاملىرى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىپتۇ.

كەچ كىرگەندە، بىركىم ئەمىننىڭ ئىشىكىنى قاتتىق قېقىپتۇ. ئەمىن ئىشىكنى ئاچسا، ھېلىقى يىلى ئون ئىككى تۇخۇمنى نېسى بەرگەن سودىگەر ئىكەن. ئەمىن ئۇنى ئوچۇق چىراي كۈتۈۋاپتۇ ۋە ئون ئىككى تۇخۇمنىڭ پۇلىنىلا ئەمەس، بىرمۇنچە سوۋغاتلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئەمما، سودىگەر بۇلارغا قاراپمۇ قويماي، ئەمىندىن بەش يۈز تەڭگە بېرىشنى



تەلەپ قىپتۇ. ئەمىن ماقۇل دەيدىغانغا ئۈنچىۋالا گالۋاڭ ئەمەس - دە. شۇنىڭ بىلەن، بۇ دەۋا قازىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ.

دەۋا سورىلىدىغان كۈنى ئەمىن كېچىكىپ كەپتۇ.

— مەن ئەمىننىڭ ماڭا بەش يۈز تەڭگىنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىمەن. چۈنكى، مەن يەتتە يىل بۇرۇن ئۇ مېنىڭدىن نېسىي ئالغان تۇخۇملارنى باستۇرغان بولسام، ئون ئىككى چۈجە چىققان بولاتتى، چۈجىلەر چوڭىيىپ خوراز ۋە مېكىيانلارغا ئايلانغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ تۇخۇملارنى تۇغاتتى، بۇ تۇخۇملاردىن چۈجە چىقسا، بۇلار يەتتە يىلدىن كېيىن ناھايىتى نۇرغۇن توخۇلار بولغان بولاتتى! — دەپتۇ سودىگەر.

— تامامەن توغرا! — دەپتۇ قازى ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ، ئاندىن



ئەمىندىن سوراپتۇ، — سېنىڭ نېمە گېپىڭ بار؟ ھە، راست، ئېيتقىنا، نېمىشقا كېچىكىپ كەلدىڭ؟

— بايا مەن ئۆيۈمدە پۇرچاق پىشۇردۇم، ئاندىن كېيىن ئۇلارنى ھويلىغا تېرىدىم، كېلەر يىل ئۇلار چوقۇم ياخشى ھوسۇل بېرىدۇ، — دەپتۇ ئەمىن.

— ئەخمەق، پىششىق پۇرچاقمۇ دان بېرەمدۇ؟ — دەپتۇ قازى.

— پىششىق تۇخۇمدىن چۈجە چىققان يەردە، پىششىق پۇرچاقمۇ ئۈنەمدىكەن دەيمىنا!

قازى گەپ تاپالماي قاپتۇ. ئەمىن دەۋادا يېڭىۋاپتۇ.

# ئەقىللىق ئاشپەز

ئىتالىيە چۆچىكى (ئەسلى ئەسەر: بوكالونىڭ)

زامانلارنىڭ زامانىسىدا، ئىتالىيىدە بىر بەگ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئوۋ ئوۋلاشقا بەك ئامراق، تولىمۇ مېھماندوست كىشى ئىكەن. تونۇش - بىلىش، ئەل - ئاغىنىلىرىنى پات - پات قورۇقىغا تەكلىپ قىلىپ تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى، بەگ دوستلىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇنىڭ ئوۋدا ئامىتى كېلىپ، بۆركۈتى بىر تۇرنىنى تۇتۇۋاپتۇ.

بەگ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى گۈگۈم چۈشكەندە ھېرىپ - ئېچىپ ئوۋدىن قايتىپ كەپتۇ.

بەگ ئاشپىزىنى چاقىرىپتۇ:

— مۇنۇ تۇرنىدا شۇنداق كاۋاپ پىشۇرغىنكى، دوستلىرىمنىڭ تامىقىدا قالسۇن!

— باش ئۈستىگە، بېگىم، باش ئۈستىگە! سىزنى ھەرگىز يەرگە قارىتىپ قويمايمەن! — دەپتۇ ئاشپەز.

ئاشپەز غازنى يۇڭداپ، ئىچى - تېشىنى پاكىز ئادالاپتۇ، ئاندىن دورا - دەرمەكلەرنى ئوبدان تەڭشەپ دوخوپكىغا ساپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي، بىر دېھقان قىزى ئاشپەز بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ. كاۋاپنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دېھقان قىزىنىڭ دىماغلىرىنى غىدىقلاپتۇ.

— تۇرنا كاۋىپى پىشۇرۇۋاتقان ئوخشىمامسىز؟ — دەپتۇ قىز تاتلىق كۈلۈپ، — مېنىمۇ ئېغىز تەگكۈزەرسىز؟

چىرايلىق قىزنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالمىغان ئاشپەز ئۇنى تۇرنا پاچىقى بىلەن مېھمان قىپتۇ.

تاماق ۋاقتى بولغاندا، تۇرنا كاۋىپى بەگنىڭ تاماق جوزىسىغا ئېلىپ كېلىنىپتۇ.

— ۋۇي، بۇ تۇرنىنىڭ بىرلا پۇتى بار ئىكەنغۇ؟ — دەپ توۋلىۋېتىپتۇ بىر مېھمان ھەيرانلىق بىلەن.

بەگ بەك ئابرۇيپەرەس ئادەم ئىكەن. ئۇ ئاشپەزنى چاقىرتىپ، بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ.

— بېگىم، خەۋىرىڭىز يوقمۇ، بۇنداق قۇشلارنىڭ پەقەت بىرلا پۇتى بولىدۇ ئەمەسمۇ! — دەپ تۇرۇۋاپتۇ ئاشپەز، — ئەگەر بۇ يەردە تىرىك تۇرنا بار بولغان بولسا، گېپىمنىڭ راستلىقىنى سىزگە ئىسپاتلاپ بەرگەن بولاتتىم!

بەگنىڭ مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ئاشپەز بىلەن تالاشقۇسى كەلمەپتۇ.



— بوپتۇ، گەپ بولسا ئەنە ئەتىگەن سۆزلىشەيلى، — دەپتۇ ئۇ، — ئەگەر سېنىڭ دېگىنىڭ خاتا بولۇپ چىقىدىغان بولسا، مېنىڭدىن يامانلىما!

قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ئاشپەز قېچىپ كېتىشنى ئويلاپتۇ، لېكىن ئۇ بىچارە نەگىمۇ قېچىپ كېتەلىسۇن؟!

تاڭ سەھەردە بەگ دەككە - دۈككە بولۇپ كېچىدە ئۇخلىيالمىغان ئاشپەزنى چاقىرىپتۇ.

— قېنى، يۈر، دەريا بويىغا بېرىپ باقايلى. تۇرنىلار بىر پۇتلۇقمۇ ياكى ئىككى پۇتلۇقمۇ، ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ كېلەيلى.

ئۆز ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ئاشپەز نائىلاج بەگنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ.

ئىككىيلەن دەريا بويىغا يېقىنلاشقان چاغدا، ئاشپەز ئۇيقۇغا كەتكەن بىر توپ تۇرنىلارنى كۆرۈپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر پۇتى بىلەن تۇرغاندىكەن. چۈنكى، تۇرنىلار ئۇخلىغاندا مۇشۇنداق قىلىدىكەن. ھايات ئۈمىدى قايتىدىن يانغان ئاشپەز ئىختىيارسىز توۋلىۋېتىپتۇ:

— بېگىم، بېگىم! قاراڭ، ئەنە قاراڭ! تۇرنا دېگەن راستىنلا بىر پۇتلۇق بولىدىكەن!

— مەنمۇ ساڭا كۆرسىتىپ قوياي!

بەگ شۇنداق دەپتۇ - دە، قاتتىق چاۋاك چېلىپتۇ ۋە ۋارقىراپتۇ. ئۈركۈپ كەتكەن تۇرنىلار يىغىۋالغان يەنە بىر پۇتىنى قويۇۋېتىپ، قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.



— ئەمدى كۆرگەنسەن! — دەپ ھۆركىرەپتۇ بەگ، — ئۇلارنىڭ پۇتى ئىككى تۇرمامدۇ؟

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئەقىللىق ئاشپەز دەرھال رەددىيە بېرىپتۇ:

— بېگىم، ئەگەر تۈنۈگۈن سىز تاماق ۋاقتىدا چاۋاك چالغان ۋە ۋارقىرىغان بولسىڭىز، ھېلىقى تۇرنا بەلكىم يەنە بىر پۇتىنى چىقارغان بولاتتى!

پەم بېرىلگەن بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ ئاچچىقى بىراقلا يانغان بەگ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.